

5

# ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرى



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى




ISBN 978-7-228-10845-9
9 787228 108459 >
定价:4.50元

# ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرى

5





«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى»
تەھرىر ھەيئىتى نەشرگە تەييارلىغان

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۈرۈمچى 2007 -يىلى

**图书在版编目(CIP)数据**

维吾尔民间趣闻.5：维吾尔文/《维吾尔民间文学大典》编委会编. - 乌鲁木齐：新疆人民出版社，2007.1
ISBN 978-7-228-10845-9

Ⅰ.维... Ⅱ.维...Ⅲ.维吾尔族 - 民间故事 - 作品集-中国 - 维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.I277.3

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2007)第006061号

策　　划：阿布都热合满.艾白
艾合买提.伊明

责任编辑：艾合买提.伊明
责任校对：阿布列孜.阿巴斯
封面设计：买买提.努比提

**维吾尔民间趣闻 － 5**（维吾尔文）
《维吾尔民间文学大典》编委会编

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐解放南路348号 邮编： 830001）
新疆新华书店发行
新疆新华印刷厂印刷
880×1230毫米 32开本 2.625印张
2007年1月第1版　2007年1月第1次印刷
印数：1-5000

ISBN 978-7-228-10845-9　　定价：4.50元

ئابدۇراخمان ئەبەي
پىلانلىغۇچىلار:
ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل كوررېكتورى: ئابلىز ئابباس
مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: مەمەت نەۋبەت

## ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرى — 5

«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى» تەھرىر ھەيئىتى نەشرگە تەييارلىغان

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1230 × 880 مىللىمېتىر، 1/32
باسما تاۋىقى: 2.625
2007 ـ يىل 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2007 ـ يىل 1 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 5000
ISBN 978-7-228-10845-9
باھاسى: 4.50 يۈەن




# ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا دائىر
# 55 كىتابچە نەشردىن چىقتى

| | | |
|---|---|---|
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | چىن تۆمۈر باتۇر | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | ئىسكەندەر بىلەن ھۆرلىقا | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | ئالتۇن كوكۇللۇق بالا | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | كەنجى باتۇر | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | كېپىك خانىش | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | مەرۋان بىلەن تەرسا | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | ياغاچ ئات | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | ئۇر، توقماق | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | چۆچۈرە بالا | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | سىرلىق چىراغ | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | شاھزادە بىلەن ئالۋاستى | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | نىيىتى يامانىنىڭ قازىنى تۆشۈك | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | ئۆلمەي تۇرۇپ جەننەتنى كۆرۈش | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | باتۇر قىز | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | شەيتانىنىڭ تىجارىتى | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | بىلمەس تاز | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | تەلۋە كۈيئوغۇل | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | كەمەك ھەييار بىلەن مۇختەر ھەييار | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | شەيتاننى ئالدىغان تاز | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | ئادەمسى شەيتان | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | خىزىر نىياز | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | سېھىرلىك ئالما | (4.50 يۈەن) |

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ئۇسكەك پادىشاھ (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى قاينا، چۆگۈن (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ئەقىللىق كەنجى قىز (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ھەركىم قىلسا ئۆزىگە (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى يالتايغاق بوۋاي (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ئۈجمە سايىسى (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ئەپچىلەم (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ئارغىماق ماجىراسى (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ئىككى باينى ئەپلىگەن مالاي (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ئۆرگىلىۋاي بىلەن چۆرگىلىۋاي (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى يەتتە لىڭگىلىتاق بىلەن بىر شىڭگىلىتاق (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى شېتىلە بىلەن پېتىلە (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى مازاقخور مازاقتا ئۆلەر (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى پادىشاھنىڭ كۈننى ئۇزارتىشى (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ئېشەكنى ئۇرۇپ خوتۇننى قورقۇتۇش (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى موللام ئوغرىنى قانداق تاپتى (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى قازان تۇۋى (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى شاھ بىلەن شاتۇتى (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرى ـــ 1، ـ 2، ـ 3، ـ 4، ـ 5 (ھەر بىرى 4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چاقچاقلىرى (ھېسام چاقچاقلىرى) ـــ 1، ـ 2 (ھەر بىرى 4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى ـــ 1، ـ 2 (ھەر بىرى 4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق ئويۇنلىرى ـــ 1، ـ 2، ـ 3 (ھەر بىرى 4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق تېپىشماقلىرى ـــ 1، ـ 2 (ھەر بىرى 3.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق لاپلىرى (3.50 يۈەن)

( بۇ بىر يۈرۈش 55 كىتابنىڭ ئومۇمىي باھاسى 244.50 يۈەن )

# مۇندەرىجە


## موللامەتيار خەلپىتىم لەتىپىلىرى

ئىغىزنىڭ يېلى ........ 2
گېلىغا ھارام تۇرۇپ قاپتۇ ........ 3
زەھەرنى زەھەر قايتۇرىدۇ ........ 4

## شېرىن دورغا لەتىپىلىرى

جۇۋالدۇرۇز ئاسقۇ ........ 7
مۇشۇنداق ماڭىدىغان كوچا ئوخشايدۇ دەپ ........ 7
تىرىلىۋالمىسۇن ........ 8
پۇشايمان يېسۇن ........ 8
شۇمبۇيا ........ 9
يېڭى چاقچاق ........ 9
ئىتنىڭ تىلىنى بىلمەن ........ 10
ئۆردەك ئوۋلاۋاتىمەن ........ 10
قېتىق بار، ئاياق كۆرۈنمەيدۇ ........ 11
ئۇچتىن پاتمىسا ........ 12
نەزەر سالمىدىم ........ 12
جاۋاب شېئىر ........ 14
شورپا زەللە ........ 14
رىزقىنى توغرىلاش ........ 15
بىرى بىر تۇرۇۋاتىدۇ ........ 16
زەللە ........ 16
شۇ پىتى ئەكېلەمۇ، يۇيۇپمۇ؟ ........ 17
ھېلىمۇ كەينىمدە سىز ........ 18
ھەرپ نامى ........ 19

قانجۇق ........................ 19
چاشقاننىمۇ ........................ 20
مەلەڭزە ھاجەتسىز ........................ 21
تەملىك گەپ ........................ 21
ھالۋا ئەت ........................ 21

## ئىشقىيار لەتىپىلىرى

پايدا چىقمىسا ........................ 24
يەر نېمىشقا تەۋرەيدۇ ........................ 24
ھەيرانلىق ........................ 24
خىجىل بولۇپ چىقىپ كەتتى ........................ 25
ئۇنىمۇ چىقىرىۋېتىدۇ ........................ 25
ئوڭلايمەن دەپ ........................ 26
نەۋرەم قانداق ئادەم ........................ 26
پىچاق ئۆتمىسە ........................ 27
قاتىل ........................ 27
يۇندى چاچرايدۇ ........................ 28
سىلىق تۇغۇپتىكەن ........................ 28
نەرىڭنى ئوخشىتىمەن ........................ 28
قىرىشمىغان سەن قالدىڭمۇ ........................ 29
چاقچاقنىڭ ئىشتىنى ........................ 29
مۇنداق ئېگىشىشىڭىز ........................ 30
ئۈچ تالاق ........................ 30
ئىككى جۈپ ئىشقىيار، بىر غوجىيار ........................ 31
قۇرۇغاندا بارىدۇ، دە ........................ 31
قىزىل كېكىردەكتىن يەتتىسى بار ........................ 32
بۈگۈندىن باشلاپ تۈزىتىمەن ........................ 33
ئاپتوبۇس ۋە كالاچ ........................ 33
كالا يىللىق ........................ 34
چاقچاقنىڭ پايدىسى ........................ 34

خاپا بولمايدىغانسىز .................... 35

بىز يۇرگەن كوچىلار .................... 35

ئەڭ ياخشى ناغرا .................... 36

بىرىنچى مەسلىھەت .................... 36

يېڭى شەيئى ۋە كونا كادىر .................... 37


## قاسىم قىزىق لەتىپىلىرى


گىدەيگەنگە .................... 40

بېشىمغا چىقىدۇ .................... 40

ئالساملا، بەرمىسەم .................... 41

تىرىكنىڭ ياخشىسى، ئۆلۈكنىڭ يامىنى بولامدۇ ........ 42

تاغدىن يىقىلىپ چۈشمىسىلە يەنە .................... 43

مېنىمۇ بىرىۋېتەتتىڭىز .................... 44

قوڭغۇراق بولارسىز .................... 45

ئىنساپلىرى چۈشۈپ قالدى .................... 46

ئىككى پارچە رەسىم .................... 47

ئىمام ئاخۇنۇم بىزنىڭ، دوپپىسى خوتۇنىنىڭ ........ 48

بىزنى ئۇرغان خۇدايىم .................... 48

ئۆزلىرىنى زەھەر ئىچىۋالمىسۇن دەپ .................... 49

تىكمەي تاشلاپ بەرگەن ياخشى .................... 50

مېنى بېسىۋالامدۇ .................... 51

ھالىمىزدىن كېتىپ قالامدۇقكىن .................... 51

ئادىل جاۋاب .................... 52

قاچىلىۋالسىلا بولمىدىمۇ .................... 53

قۇمدا بېقىلغان كالىنىڭ گۆشى .................... 53

سىزنىڭكىگە ئوخشاش قىلىق .................... 54

ئاۋۋال غۇلاچلاپ كۆرسىلە .................... 55

بۇ ئۆينىڭ ئۇزۇنلۇقى ئۈچ يېرىم مېتىر .................... 56

پۇرچاق پاتمىغان كاناي .................... 56

بالا ئويۇنى ئويناش .................... 57

گېزەندە كېتىۋاتىدۇ .................................. 58
ئاغزىمغا كىرىپ ئولتۇرمامسىز ............................ 58
بۇ ئىككىنچى قېتىم تېرىغان ئاشلىقلار .......................... 59
ئاشنى ئاش، ناننى نان يەرلەر ............................ 60
سىزدەك تۇرماسمەن .................................. 60
ئۇنداق بولسا، يازدا قىلىپ بېرەي ........................ 61
ئېشەك بولغان بولسام مەنمۇ ھاڭرايتتىم .................. 62
ئوڭدىن سولغا قارىتىپ يازسىلا ............................ 63
ماڭا ئۆگەتكەننى كىم سورايدۇ ............................ 64
پۇل خىل .................................. 65
قوشۇپ ھېسابلىدىم .................................. 66
ئېتىمدىن ئايرىلىپ قالماي دەپ ............................ 67
بىر قارىسىلالا پەرق ئېتەلەيلا ............................ 67
ئىتلىرى ئۆزلىرىنى دوراپتۇ ................................ 68
نەسىھەت .................................. 68
مېنى تېزرەك ئوتلاتقىن ................................ 69
تونۇپ قالغان چېغى .................................. 70
زۇۋۇلاڭلارنى چوڭلىتىپتۇ ................................ 71
ۋاڭنىڭ رۇخسىتىگە ئېرىشىش ................................ 72
ئاخىرەتكە ئەكېتىپتۇ ـ دە ................................ 73
باشقا بىر يەرگە بۇيرۇمدىكىن ................................ 74
قورسىقى كۆپۈپ يېرىلىپ كېتىپتۇ ................................ 74



پىلانلىغۇچىلار: ئابدۇراخمان ئەبەي، ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخمەت ئىمىن
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: مەمەت نەۋبەت

# موللامەتيارخەلپىتىم لەتىپىلىرى

مولـلا مـەتـيار خـەلـپـىـتـىمـنـىڭ تـولـۇق ئـىـسمى مولـلا زەرىپ
مـوللا مـۇھـەممـەتـيار خـەلـپـىتـىم بولـۇپ، ئادەتتـە مـەتـيار خـەلـپىـ-
تىم دەپ ئاتىلىدۇ. مولـلا مەتيار خـەلـپـىـتـىم X IX ئـەسـىرنىڭ
باشلىرىدا يېڭىسار ناھىيىسىدە تۇغۇلغان، باشلانغۇچ دىنىي
ساۋاتنى ئۆز يۇرتىدا ئېلىپ، قەشقەر خانلىق مەدرىسىگە
ئوقۇشقا كەلگەن، بىر مەزگىل قەشقەر مەھكىمە شەرئىيىدە
ئىشلىگەن، كېيىن ساتىراشلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللان-
غان. ياقۇپبەگ جەنۇبىي شىنجاڭنى ئىستېلا قىلغان مەز-
گىللەردە ئۇنىڭ ھاكىمىيىتىگە نارازىلىق بىلدۈرگەنلىكى
ئۈچۈن ياقۇپبەگنىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ، تاسادىپىي جېنى
ئامان قالغان موللا مەتيار خەلپىتىم غۇلجىغا چىقىپ كەت-
كەن، ئاخىرقى ئۆمرىنى غۇلجىدا ئۆتكۈزۈپ، شۇ يەردە
ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ لەتىپە - چاقچاقلىرى ھازىرغىچە
قەشقەر ۋە غۇلجا تەۋەسىدە ئېيتىلىپ كەلمەكتە.

# ئىگىزنىڭ يېلى


بىر كۈنى شاگىپو موللا مەتيار خەلپىتىمنى چاقىرىپ كېلىپ:

— خەلپىتىم، مەن سىزنى چاقىرغاندا چاپسان - چاپسان كېلىپ تۇرۇڭ، قولۇمدىن كەلگەن ياردىمىمنى سىزدىن ئايىمايمەن، ئۆزىڭىزمۇ ماڭا كېرەكلىك ياردىمىڭىزنى مەندىن ئايىمايسىز، دەپ ئىشىنىمەن، — دەپتۇ.

موللا مەتيار خەلپىتىم ھەيران بولۇپ:

— شاگىيوم، مېنىڭ سىلىگە قانداق ياردىمىم تېگىشى مۇمكىن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— قانداق ياردەم بولاتتى، — دەپتۇ شاگىيو، — پۇل - دۇنيا ياردىمى ئەمەس، ئەلۋەتتە، ئۇ سىزدە يوق. پەقەت ئارىلاپ - ئارىلاپ مەن سورايدىغان ئاغزىڭىزنىڭ يېلى، باشقا نەرسە ئەمەس.



— مەن چۈشەنمىدىم، — دەپتۇ موللا مەتيار خەلپىتىم، — مېنىڭ ئاغزىمنىڭ يېلى سىلىگە نىمە ئۈچۈن كېرەك بولىدۇ؟

— ۋاي خۇدا، تازا نادان خەلپەت ئوخشايسىز، ئۇنىڭ چۈشەنمەيدىغان نېمىسى بار. پەقەت مەن چاقىرغاندا كې-لىپ، ئانچە - مۇنچە يالغان گۇۋاھلىقتىن ئۆتۈپ بېرى-سىز، بەزى ۋاقىتلاردا يالغان قەسەملەرنىمۇ بېرىسىز، — دەپتۇ شاڭيو.

شاڭيونىڭ بۇ مەقسىتىنى چۈشەنگەن موللا مەتيار خەلپىتىم:

— قورسىقىمدا زادى گەپ ياتمايدىغان ئادىتىم بار. بولۇپمۇ مانا مۇشۇنداق تېرەمگە سىغمايدىغان ئىشلارنى يا-مان ۋاقىتلاردا كۆپچىلىك ئالدىدا ئېيتىپ قويىدىغان ئەس-كى ئادىتىم بار. مەسىلەن، سىلى ئۆلگەندە، ئۆزلىرىنى كۆمگەن گۆرنىڭ ئۈستىگە توپا تاشلاۋېتىپ، بىرى: «شاڭ-يوم قانداق كىشى ئىدى؟» دەپ سوراپ قالسا، مەن: «يالغان قەسەم بىلەن يالغان گۇۋاھچىلارنىڭ شاڭيوسى ئىدى» دەپ ئېيتىپ قويۇشۇم مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن قورساقتا يات-مايدىغان بۇ گەپكە مېنى ئارىلاشتۇرمىسىلا بولارمىكىن، — دەپتۇ. بۇ چاغدا شاڭيو:

— سەن ماڭا قىيامەتلىك دۈشمەن ئىكەنسەن، كۆزۈم-دىن يوقال! — دەپتۇ.

## گېلىغا هارام تۇرۇپ قاپتۇ...

بىر كۈنى موللا مەتيار خەلپىتىم خانقا يېنىدىن

ئۆتۈپ كېتىپ بارسا، ياقا يۇرتتىن كەلگەن بىر بۇرادىرى ئۇچراپ قاپتۇ.

— خەلپىتىم، خانىقا ئىچىدىكى بۇ بىر توپ كىشىلەر «ھە، ھۇ...» دەپ قالايمىقان سەكرىشىۋاتىدۇ، بۇ ئۇلارنىڭ نېمە قىلغىنى؟ — دەپ سوراپتۇ ھېلىقى بۇرادىرى.

— ئەھۋالدىن قارىغاندا بۇ سوپىلارنىڭ گېلىغا ھارام نەرسىلەر تۇرۇپ قالغان ئوخشايدۇ. ئەنە شۇنىڭ ئازابىدا «ھە، ھۇ» دەپ جان تالىشىۋېتىپتۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ موللا مەتيار خەلپىتىم.

## زەھەرنى زەھەر قايتۇرىدۇ

قازى قورسىقى قاتتىق ئاغرىپ كېتىپتۇ ـ دە، دەرھال موللا مەتيار خەلپىتىمنى چاقىرتىپتۇ:

— ئاڭلىسام ئۆزلىرىنىڭ تېۋىپلىقتىنمۇ خەۋەرلىرى بار ئىكەن. قورسىقىم قاتتىق ئاغرىپ جېنىمنى قويمىدى. كېسىلىمگە بىرەر شىپالىق دورا بارمىكىن؟ — دەپ سوراپتۇ قازى.

— بولمامدىغان، تەقسىر ! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ موللا مەتيار خەلپىتىم، — ئىتنىڭ گۆشىنى يېسىلە، دەرھال داۋا بولىدۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان قازىنىڭ غەزىپى ئۆرلەپ:

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ ئىتنىڭ گۆشى ھارام تۇرسا،

ئۇنى قانداق يېگىلى بولىدۇ؟ ! ــ دەپتۇ.

موللا مەتيار خەلپىتىم تەمكىن هالدا:

ــ تېبابەتچىلىكتە «زەھەرنى زەھەر قايتۇرىدۇ» دەيدىغان گەپ بار، شۇڭا هارامدىن ئاغرىغان ئاغرىقا هارام نەرسىلەر داۋا بولىدۇ. سىلىنىڭ كېسەللىرىمۇ ئەنە شۇ تىپقا كىرىدىكەن، ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.



# شېرىن دورغا لەتىپىلىرى

شېرىن دورغىنىڭ بۇنىڭدىن يۈزنەچچە يىل بۇرۇن كېرىيە ناھىيىسىنىڭ ئويتوغراق كەنتىدە ئۆتكەنلىكى، ساۋاتلىق، ئاق كۆڭۈل، خۇش چاقچاق كىشى ئىكەنلىكىدىن باشقا ھاياتى ھەققىدە كۆپ مەلۇمات بىزگىچە يېتىپ كەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئۆز زامانىسىنىڭ باي، بەگ، ئەمەلدارلىرىنى پاش قىلىپ، ھەجۋىي قامچىسى ئاستىغا ئالغان لەتىپىلىرى خوتەن خەلقى ئارىسىدا ھازىرغىچە تارقىلىپ يۈرمەكتە.

# جوۋالدورۇزئاسقۇ

مەسچىتتە تەرەۋىدە ھەر دائىم خورەك تارتىپ ئۇخلايدىغان بىر كىشى شىرىن دورغىنىڭ بىر قىتىم كۆزى ئازراق ئۇيقۇغا كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ:

— ھەي شىرىن، مەسچىتتە ئۇخلاپ قالسا كۆزىگە يىڭناسقۇ چىقىپ قالىدۇ دەيدۇ، — دەپ ئاستا نوقۇپتۇ. شىرىن دورغا:

— ئازراق كۆز يۇمۇلسا يىڭناسقۇ چىقىپ قالسا، خورەك تارتىپ ئۇخلىغانلارنىڭ كۆزىگە جوۋالدورۇزئاسقۇ چىقىپ قالماسمۇ؟ — دەپتۇ.

## مۇشۇنداق ماڭىدىغان كوچا ئوخشايدۇ دەپ

ئادەتتە پىيادە ماڭمايدىغان، سول پۇتى قىسقا بىر ئەمەلدار كوچىدا پىيادە كېتىۋاتقاندا شىرىن دورغا كەينىدىن يېتىشىپ، ئەمەلدارنىڭ ئاشۇرۇپ ئاقساپ مېڭىپتۇ. قاتتىق رەنجىگەن ئەمەلدار غەزەپكە كېلىپ:

— نېمە ئۈچۈن مۇنداق ماڭىسەن؟ بۇ مېنى زاڭلىق قىلغىنىڭ ئەمەسمۇ؟ — دەپتۇ. شىرىن دورغا:

— يوقسۇ، غوجام، بۇ ھەممە كىشى مۇشۇنداق ئاقساپ ماڭىدىغان كوچا ئوخشايدۇ، دەپ ئاقساپ مېڭىۋاتىمەن ! —

دەپ جاۋاب بىرىپ، ئاقساپ مىڭىپ كىتىپ قاپتۇ.

## تىرىلىۋالمىسۇن

ھەرقانداق ئىشتىن تىنىۋالىدىغان بىر نائەھلىنىڭ جىنازىسىنى كۆتۈرۈپ ماڭغانلارغا قوشۇلۇپ كىلىۋاتقان شىرىن دورغا:

— ئىلاج بار تىزرەك مىڭىپ بۇرۇنراق يەرلىكىدە قويۇۋىتەيلى ! — دەپتۇ. ھەيران بولغانلاردىن بىرى:

— نىمىشقا؟ — دەپ سورىسا،

— ھەرقانداق ئىشتىن تىنىۋالىدىغان بۇ نائەھلى ئۆل-گەنلىكىدىنمۇ تىنىۋىلىپ تىرىلىۋالمىسۇن، — دەپتۇ شىرىن دورغا.

## پۇشايمان يىسۇن

بەگ:

— كىتابلاردا كۆچەت تىككەنلەرگە ئۇنىڭ مىۋىسى ھالال، دىگەن گەپ بار. سىنىڭچە، كۆچەت سالمىغانلار نىمە يىسۇن؟ — دەپ سوراپتۇ شىرىن دورغىدىن.

— ئالداپ، زورلاپ ياكى ئوغرىلاپ يىسۇن، ئەگەر ئا-خىرەتتىكى ھىسابتىن قورقسا، كۆچەت سالمىغانلىقىغا پۇشايمان يىسۇن، — دەپتۇ شىرىن دورغا.

## شۇمبۇيا

شېرىن دورغا بايدىن ئىجارە ئالغان يېرىگە قوغۇن تېرىپ، تازا پىشقان چاغدا ئۇنى مېھمانغا تەكلىپ قىپتۇ. لېكىن، باي ئالدىغا قويغانغا قانائەت قىلماي قوغۇنلۇققا كىرىپ توڭ - پىششىق، چوڭ - كىچىك دېمەي، خالىغىنىنى ئۈزۈۋېرىپتۇ. باينىڭ بۇ ئىشىدىن شېرىن دورغا تازا جىلە بولۇپ تۇرغاندا، باي:

— ھە شېرىن، بۇ يىل قوغۇنلۇقۇڭغا شۇمبۇيا چىقمىدىمۇ؟ — دەپ سورىغانىكەن، شېرىن دورغا:

— ھېلىغىچە چىقمىغانىدى، مانا بۇگۇن چىقتى، — دەپتۇ.

## يېڭى چاقچاق

شېرىن دورغا چايخانىدا چاي ئىچىپ ئولتۇرسا، بىر مەست كېلىپ ئۇنىڭ يۇزىگە بىر تەستەك سېلىپ «چاقچاق قىلدىم» دەپتۇ. شېرىن دورغىمۇ شۇئان مەستنىڭ يۇزىگە ئىككى تەستەك سېلىپ «چاقچاق قىلدىم» دېگەنىكەن، مەست چېچاڭشىپ:

— بۇ قانداق چاقچاق؟ — دەپتۇ. شېرىن دورغا:

— بىرىنچىسى جاۋاب چاقچاق، ئىككىنچىسى يېڭى چاقچاق، — دەپ قويۇپ چايخانىدىن چىقىپ كېتىپتۇ.

## ئىتنىڭ تىلىنى بىلىمەن

چوڭ بىر سورۇندا شىرىن دورغىنى مات قىلماقچى بولغان بەگ:

— شىرىننى ناھايىتى نۇرغۇن نەرسىنى بىلىدىغان كىشى دېيىشىدۇ، ئەگەر مۇشۇ مەيداندا ئىتنىڭ تىلىنى بىلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىيالىسا، ئۇستۇمدىكى يېڭى تونىنى ۋە جابدۇقلىرى بىلەن بىر ئات ئىنئام قىلىمەن، — دەپتۇ.

— ئىتنىڭ تىلىنى بىلىمەن، — دەپتۇ شىرىن دورغا ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، — ئىتنىڭ تىلى باشقا ھايۋان ۋە ئادەملەرنىڭ تىلىدىن ئۇزۇن.

مەيداننى كۈلكە قاپلاپتۇ. ھاڭ - تاڭ قالغان بەگنىڭ چىرايى ئۆڭۈپتۇ. شىرىن دورغا تونىنى كىيىپ، ئاتنى مىنىپ ئۆيىگە راۋان بوپتۇ.

## ئۆردەك ئوۋلاۋاتىمەن

بەگ ئۆيىدىكى سورۇندا شىرىن دورغىنى سۇندۇرۇش ئۈچۈن، باشقىلارنىڭ ئالدىغا بىر چىنىدىن چۆچۈرە، شى-رىننىڭ ئالدىغا بىر دانىلا چۆچۈرىسى بار ئاش سۈيى قو-يۇپتۇ. ھەممە شىرىن دورغىغا زاڭلىق قىلغان ھالدا قارى-شىپ، چۆچۈرە يېيىشكە باشلىغاندا، ئۇ سىرتتىن بىر رو-چاق ئەكىرىپ ئوقىنى ئالدىدىكى قاچىغا چىنەپ، بىر نەر-

سىنى نىشانغا ئېلىۋاتقاندەك ھەرىكەت قىلىشقا باشلاپتۇ. بۇنى كۆرگەن مېھمانلاردىن بىرى:

— نېمە قىلىۋاتىسەن، شېرىن؟ — دەپ سورىغانكەن، ئۇ:

— كۆلدىن ئۆردەك ئوۋلاۋاتىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## قېتىق بار، ئاياق كۆرۈنمەيدۇ

سېمىزلىكىدىن تولا ئۇسساپ تۇرىدىغان بەگ سىرتقا چىقسىلا شېرىن دورغا قېتىق كۆتۈرتكۈزۈپ، ئاتنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈشكە مەجبۇرلايدىكەن. بۇ ئىشتىن زېرىككەن شېرىن دورغا ئەپلىك پۇرسەتنى تېپىپ بەگدىن ئەدتىنى ئالماقچى بوپتۇ.

بىر كۈنى باشقا بىر كەنتكە بارماقچى بولغان بەگ ئادىتى بويىچە شېرىنگە يوغان بىر ئاياق قېتىقنى كۆتۈرتكۈزۈپ، ئۆزى ئاتقا مىنىپ يولغا چىقىپتۇ. بىر يەرلەرگە بارغاندا، شېرىن دورغا پۇتلاشقان بولۇپلا ئاياقنى يەرگە تاشلىۋېتىپتۇ. «پالاق - پۇلۇق» قىلغان شەپىنى ئاڭلىغان بەگ:

— شېرىن، قېتىق باردۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. شېرىن دورغا يىقىلغان يېرىدىن قوپمايلا:

— قېتىققۇ بار، بىراق ئاياق كۆرۈنمەيدۇ، — دەپتۇ.

## ئۆچتىن پاتمىسا...

بازاردا بىر پىخسىق شىرىن دورغىغا:

— مېنىڭ بەكمۇ چۆچۈرە يېگۈم كېلىۋىدى، بىراق بەش تىيىنىم كەملەپ قالدى، ئىككىمىز بىرلىشىپ بىر قاچا ئېلىپ يېسەك، — دەپ يېلىنىپتۇ.

پىخسىقنىڭ نىيىتىنى پەملىگەن شىرىن دورغا «ما-قۇل» دەپتۇ -دە، ئۇن تىيىنغا بىر قاچا چۆچۈرە ئېلىپ شىرەگە قويۇش بىلەنلا شىرىن دورغا قوشۇققا ئىككىدىن -ئىككىدىن ئېلىپ يېيىشكە باشلاپتۇ. ئاش يېرىملىشاي دې-گەندە، كۆزى قىزارغان پىخسىق تەئەددى بىلەن:

— پۇلنى تەڭ تۆلىسەك، سەن نېمىشقا ئىككىدىن يەيسەن؟ — دەپ زارلىنىپتۇ. شىرىن دورغا:

— بۇرادەر، قوشۇقنىڭ كاسىسىنى كۆرۈپ تۇرۇپسەن، ئۆچتىن پاتمىسا، ئىككىدىن يېمەسلىككە مەندە نېمە ئامال؟ — دەپ قويۇپ ئاشقا بەخىرامان بېقىۋېرىپتۇ.

## نەزەر سالمىدىم


بەگ ئالۋانغا يىغقان بىر تاغار بۇغداينى ئېشەككە ئارت-قۇزۇپ شىرىن دورغىغا تاپشۇرۇپتۇ ۋە يولغا چىقىش ئالدىدا:

— سەن مەندەك بەگلەر بىلەن بىر يولدا ماڭغاندا

ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلارغا نەزەر سالما، بولمىسا سۈپەتكە دەز كېتىدۇ ! — دەپ قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇپ، ئۆزى ئاتقا مىنىپ مېڭىپتۇ. شېرىن دورغا ئۇنىڭ كەينىدىن ئېشەكنى ھەيدەپ كېتىۋاتقاندا تاغارنىڭ بۇرجىكىدىكى تۆشۈكتىن بۇغداي تۆكۈلۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرسىمۇ بەخىرامان كېتىۋېرىپتۇ. ئۆي ئالدىغا بارغاندا بەگ ئاتتىن چۈشۈپ كەينىگە قاراپ يۈكسىز ئېشەكنى تۇتۇپ تۇرغان شېرىن دورغىغا چەكچىيىپ بۇغداينى سورىغانىكەن، شېرىن دورغا يولدىكى ئەھۋالنى مەلۇم قىپتۇ. بەگ:

— نېمىشقا ۋاقتىدا ئامال قىلمىدىڭ؟ — دەپ غەزەپ بىلەن ۋارقىراپتۇ. شېرىن دورغا:

— سۈپەتلىرىگە دەز كېتىشتىن ئەنسىرەپ ئۇنداق ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلارغا نەزەر سالمىدىم، — دەپتۇ.



## جاۋاب شېئىر

بەگ بىر سورۇندا شېرىن دورغىغا:
— مەن ساڭا قارىتىپ بىر مىسرا شېئىر يازىمەن، سەن ھايال بولمايلا ماڭا قارىتىپ بىر مىسرا شېئىر يازدىسەن، شەرتى شۇكى، مەزمۇنى مۇكەممەل، قاپىيىداش بولسۇن، — دەپتۇ -دە، «شېرىن — ئاگاھ بولمىساڭ بوغۇزلىماي جان ئالىدىغان خەتەر مەخلۇق» دەپ يېزىپ، قەغەزنى شېرىنگە بېرىپتۇ. شېرىن دورغا دەرھال «بەگ — ئۆزىنىڭ سايىسىغىمۇ قاۋايدىغان ئىتتىن بەتتەر مەخلۇق» دەپ يېزىپ بەگكە قايتۇرۇپتۇ.

## شورپا زەللە

بىر تويدا داستىخانغا شورپا قويۇلغانلىقتىن زەللە ئالالمىغان مەزىن شېرىن دورغىغا:
— ھە شېرىن، بۇ تويدا زەللە ئالالمايدىغان ئوخشايمەن، قانداق قىلسام بولار؟ — دەپ سورىغانىكەن، شېرىن دورغا دەرھال مەزىننىڭ بېلىدىكى پوتىسىنىڭ ئۇچىنى ئالدىدىكى شورپىغا چىلاپتۇ -دە:
— مانا شورپىنىڭ زەللىسى، ئۆيگە ئالغاچ كەتسىلە، — دەپ مەزىننىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويۇپتۇ.

# رىزقىنى توغرىلاش

شىرىن دورغا بەگ بىلەن مېھماندارچىلىققا بارغاندا، بەگ داستىخاندىكى گۆشنىڭ ھەممىسىنى ئۆزى يېيىش غەرىزىدە گەپدانلىق قىلىپ:

— شىرىن، سەندىن كۆڭلۈم ئاغرىدى. ئوغلۇمنىڭ خەتنە تويىغا كەلمىدىڭ، قىزىمنىڭ چاچۋاغ تويىغا كەلمىدىڭ! — دەپ ھەربىر «ئاغرىنىش»تا پولۇنىڭ ئۈستىدىكى گۆشنى ئۆزىنىڭ ئالدىغا تارتىپتۇ. بۇنى بايقاپ ئولتۇرغان شىرىن دورغا:

— جاھان پاتىپاراق بولۇپ كېتىپ بارالمىدىم ئەمەسمۇ، — دەپ بەگ ئالدىغا يىغىۋالغان گۆشلەرنى چېچىپتۇ. بەگ:

— كۆڭلۈم بىر جايدا ئەمەس، — دەپ گۆشلەرنى يەنە ئالدىغا يىغىپتۇ.

— بىر كۈنى ئەمەس بىر كۈنى چوقۇم ئۆزرىخاھلىققا ئالدىلىرىغا بارىمەن، — دەپ شىرىن دورغا گۆشلەرنى ئۆزىنىڭ ئالدىغا تارتىپتۇ. بەگ زەردە بىلەن لېگەننى قوش قوللاپ تۇتۇپ تۇرۇپ:

— جاھان ھېلى ئۇنداق، ھېلى مۇنداق ئايلىنىپ تۇرىدۇ، — دەپ شىرىن دورغا ئالدىغا ئاپىرىۋالغان گۆشلەرنى ئۆزىنىڭ ئالدىغا توغرىلىغاندا، شىرىن دورغا:

— ئۆزلىرى ئالەمنى بىر قوللىرى بىلەن ئايلاندۇ-

رۆپ، ــ دەپ گۆشنى ئۆزىنىڭ ئالدىغا توغرىلاپ سىقىمىغا ئېلىپ، ــ مانا مۇشۇنداق توغرىلايدىغان كىشى، ــ دەپ بىراقلا ئېغىزىغا سالغاندا، بەگ لېۋىنى چىشلەپ قاپتۇ.

## بىرى بىر تۇرۇۋاتىدۇ

بەگ هايانكەشلىك قىلىش ئۈچۈن شېرىن دورغىغا بىر باغلام قەغەز پۇلنى بېرىپ:

ــ بازارغا بېرىپ بۇ پۇلنى ماڭدۇرۇپ بىرنى بەش قىلىپ كەل ! ــ دەپ بۇيرۇپتۇ.

شېرىن دورغا پۇلنى تانا بىلەن باغلاپ بازاردا بەش كۈن سۆرەپ يۈرۈپتۇ. ئاخىر لايغا مىلەنگەن، بۇرجەكلىرى يىرتىلىپ تىتىلغان پۇلنى سۆرىگەن پېتى بەگنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ:

ــ بۇ پۇلنى سۆرەپ يۈرۈپ بەش كۈن ماڭدۇرساممۇ بىرى بىر تۇرۇۋاتىدۇ. بۇ پۇل ئېهتىمال قېچىرغا ئوخشاش تۇغۇشنى بىلمىسە كېرەك، ــ دەپتۇ.

## زەللە

باي بىر تويدا مەزەدىن تويغۇچە يەپ، خورجۇنىغىمۇ پاتقۇچە جايلاپ بولۇپ، جامائەتكە قاراپ:

ــ كۆز ـ قارىنىم توق كىشىمەن، توي ـ تۆكۈنلەردە

زەللە ـ پەللە ئالمايمەن، ـــ دەپ ماختىنىشقا باشلاپتۇ.

باينىڭ بۇنداق يالغانچىلىقىغا چىداپ تۇرالمىغان شېرىن دورغا:

ـــ شۇنداق، باي، سىلى ھەقىقەتەن ياخشى كىشى، باشلىرىدا سەللە، كىيگەنلىرى مەللە، خۇرجۇندىكى زەللە، ـــ دەپتۇ.

## شۇ پېتى ئەكېلەيمۇ، يۇيۇپمۇ؟

بىر قىش كۈنى بەگ سەيلىگە بېرىپ قايتىشتا، تۈلكە جۇۋىسىنى «ئۆيۈڭگە ئەكېتىپ، ئەتە ئالغاچ كەلگىن» دەپ شېرىن دورغىغا بېرىپ قويۇپ، باشقا بىر ياققا كېتىپتۇ.

ئەتىسى بەگ يۇرت كاتتىلىرى ۋە ئەمەلدارلار بىلەن ھويلىسىدا بەزمە قىلىشىپ ئولتۇرغاندا، شېرىن دورغا كىرىپلا سالامدىن كېيىن:

ـــ بېگىم، ئۆزلىرىنىڭ جۇۋىلىرىنى خوتۇنۇم «بېگىمنىڭ يۇمشاق جۇۋىسىدىن بىر كېچە بولسىمۇ بالىلىرىم ھۇزۇر ئالسۇن» دەپ ئۇستىگە يېپىپ قويغانىكەن، ئىچى سۇرۇپ قالغان بالىلار ئېسىل جۇۋىنىڭ ياقا ـ پەشلىرىدىن تارتىپ بىرقانچە يېرىگە شاخىنا قويۇۋېتىپتۇ. جۇۋىنى يۇيۇپ ئەكېلىشكە توغرا كەلسە، جۇۋا سۈپىتىدىن كېتىدۇ، يۇماي ئەكەلسەم، كاشىلىسى ئاز ئەمەس. شۇڭا، شۇ پېتى ئەكېلەيمۇ، يۇيۇپمۇ؟ پەرمان بېرىشلىرىنى سورايمەن، ـــ

دەپتۇ. بەگ بىر ئۇھ تارتىۋېتىپ:

— بالىلىرىڭ شاخنىنا قويغان پاسىق جوۋىنىڭ ماڭا كېرىكى يوق، بېشىڭغا ئەلەم ئەت ! — دەپ قول شىلتىپ-تۇ. بۇ چاغدا شېرىن دورغا:

— ئىلتىپاتلىرىغا باركاللا، بېگىم، خەير خوش ! — دەپلا كەينىگە بۇرۇلۇپ چىقىپ كېتىپتۇ.

## ھېلىمۇ كەينىمدە سىز

بەگ شېرىن دورغىغا:

— سەن ئېشىكىڭگە مىنىپ يولغا چىق، مەن ئات بىد-لەن بىر سائەتتىن كېيىن سېنى قوغلاپ يولغا چىقىمەن. قانداق جايدا ئالدىڭغا ئۆتۈپ كەتسەم ئېشىكىڭ ماڭا، ئەگەر



ئالدىڭغا ئۆتۈپ كېتەلمىسەم مەندىكى ئات ساڭا تەئەل-لۇق، — دەپتۇ.

يېرىم يولدا ئېشەك بىلەن كېتىۋاتقان شېرىن دورغا كەينىدە ئات بىلەن كېلىۋاتقان بەگنىڭ شەپىسىنى ئاڭلاپ، تۇيغۇن مېڭىپ، بەگ ئالدىغا ئۆتۈشى بىلەن تەڭ، ئېشىكى-گە تەتۈر مىنىپ مېڭىشنى داۋام ئېتىپتۇ. بەگ:

— دەل مۇشۇ جايدا، مۇشۇ سائەتتە ئالدىڭغا ئۆتتۈم، ئېشەكنى ماڭا تاپشۇر ! — دەپتۇ.

— ھېلىمۇ كەينىمدە سىز، شۇڭا ئاتتىن چۈشۈپ، ئاتنى ماڭا بېرىۋېتىڭ، — دەپتۇ شېرىن دورغا.

## ھەرپ نامى

شېرىن دورغىغا پەرمان يازدۇرۇۋاتقان بەگ ئۇنىڭ «پەشتاق» لەقىمىنى چىشلەپ تارتىپ خەتتىكى «پ» ھەرپى-نى كۆرسىتىپ:

— بۇ «پەشتاق»تىكى «پ» مۇ؟ — دەپ سورىغانىكەن، شېرىن دورغىمۇ باشقا ھەرپلەرنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— ھە، بۇ «زالىم»دىكى «ز»، بۇ «قانخور»دىكى «ق»، — دەپتۇ.

## قانجۇق

بىر توي مەرىكىسىدە بەگنىڭ شاللاق، ھاياسىز قىزى

شاراب ئىچىپ يۈزى قىزىرىپ كەتكەندە:

— خالايىق، مەن شاراب ئىچسەم ھەممىشە مۇ-
شۇنداق قىزىرىپ كېتىمەن. بۇنىڭ سەۋەبى نېمىدۇ؟ —
دەپ سوراپتۇ. ئۇنىڭدىن خېلىدىن بېرى يىرگىنىپ ئول-
تۇرغان شېرىن دورغا:

— قانجىق، — دېگەنىكەن، باينىڭ قىزى:

— مېنى نېمىشقا قانجۇق دەيسەن؟ — دەپ، بەگنى
باشلاپ كىرىپ، شېرىن دورغىنىڭ ئەدىپىنى بەرمەكچى
بوپتۇ. شېرىن دورغىنى يەۋەتكۇدەك بولۇپ كىرگەن بەگ:

— قىزىمنى نېمە ئۇچۇن قانجۇق دېدىڭ؟ — دەپ
سورىغاندا، شېرىن دورغا:

— ھاقارەتلىگىنىم يوق، بەگ، ئەسلىدە شاراب ئىچىپ
قىزارغان كىشىدە قان جىق، قىزلىرىدىمۇ قانجىق بولۇشى
چوقۇم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## چاشقانىمۇ...

بەگ بىر مۇشۈكنى كۆتۈرۈپ سورۇنغا كىرىپ، كىشى-
لەرگە مۇشۈكنى ماختاپ:

— مۇشۈكۈم بەكمۇ ھوشيار، ئەقىللىق، چۈنكى بۇنىڭ
تاماقلىرىنى ئۆزۈم چايناپ بېرىمەن، — دەپتۇ.

شېرىن دورغا بەگكە قاراپ:

— ئۇنداقتا بۇ مۇشۈكنىڭ يېگەن چاشقانلىرىنىمۇ

ئۆزلىرى چايناپ بەرگەنىكەنلا ـ ھە ! ــ دەپتۇ.

## مەلەڭزە ھاجەتسىز

ئۇزۇن ساقال قويۇۋالغان بىر پوقاق ئاغىنىسى شىرىن دورغىدىن:

ــ ئەركىشى تۇرۇپ نېمىشقا ساقال قويمايسەن؟ ــ دەپ سوراپتۇ. شىرىن دورغا:

ــ كانىيىمدا ئەيىبىم بولمىغاچقا، مىلەڭزە ئارتىش ھاجەتسىز، ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## تەملىك گەپ

يۇرت ئەھلىنى يىغىۋېلىپ، بىمەنە، قوپال سۆزلەر بىلەن تىللاۋاتقان بەگ يېنىدىكى شىرىن دورغىغا قاراپ:

ــ بۇلارغا نېمىشقا ئىزا ـ ئاھانەت كار قىلمايدۇ؟ شۇنچە تىللىساممۇ غىڭ قىلمايدىغۇ؟ ــ دەپتۇ.

ــ ھالۋىنى تولا يېسە زاڭ تېتىپ، تېتىقسىز نەرسىگە ئايلىنىپ قالغاندەك، ــ دەپتۇ شىرىن دورغا جاۋابەن، ــ ئىزا ـ ئاھانەتمۇ تولا ئاڭلانسا، تەملىك گەپكە ئايلىنىپ قالىدىغان ئوخشايدۇ.

## ھالۋا ئەت

شىرىن دورغا ئۆيگە ئالدىراپ كىرىپ خوتۇنىغا:

— ھازىر كاتتا مېھمان كەلمەكچى، دەرھال تاماق ئەت، — دەپ بۇيرۇپتۇ.
— ئۆيدە ئۇن تۇگۈل تۇزمۇ يوق، — دەپ دومسىيىپتۇ خوتۇنى.
— ئۇنداقتا ھالۋا ئەت، — دەپتۇ شېرىن. خوتۇنى جىلە بولۇپ:
— نېمىدە؟ — دەپ سورىغاندا،
— ھالۋىغا تۇز كەتمەيدۇ ئەمەسمۇ! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ شېرىن.



# ئىشقىيار لەتىپىلىرى

ئىشقىيار نامەت 1891 ـ يىلى پەيزاۋات ناھىيە قىزىلبوي يېزىسىدا كەمبەغەل ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، 1958 ـ يىلى ئائىلىسى بىلەن غۇلجىغا كېلىپ، سوپۇنچىلىق ۋە قاسساپلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرگەن، 1981 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى غۇلجا شەھىرىدە ۋاپات بولغان.

ياشلىقىدىن تارتىپلا ئىشقىيار نامەتنىڭ ھەربىر سۆز ـ ھەرىكىتىگە ھەجۋىيلىك، قىزىقچىلىق سىڭگەن. ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۆزىنىڭ مۇشۇ ئالاھىدىلىكىنى جارى قىلىپ، كىشىلەرنىڭ دىققىتىگە سازاۋەر بولۇپ كەلدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ بالايىئاپەتلىك «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىكى ئۆزىنىڭ بىۋاسىتە تۇرمۇش كەچۈرمىشلىرىنى ئاساس قىلىغان چوڭقۇر مەزمۇنغا، كۈچلۈك قاراتمىلىققا ئىگە، ھېكمەتكە باي چاقچاق، لەتىپىلىرى ھازىرغىچە كىشىلەر ئارىسىدا چوڭقۇر تەسىر قوزغاپ كەلمەكتە.

## پايدا چىقمسا...

بىر ئادەم ئىشقىياردىن سوراپتۇ:

— جازانىخور ئۆلسە، دوزاخقا كىرەرمۇ ياكى جەننەت-كىمۇ؟

ئىشقىيار جاۋاب بېرىپتۇ:

— ئاۋۋال جەننەتكە كىرىپ باقىدۇ، ئۇ يەردە پايدا چىقمىسا، ئاندىن دوزاخقا كىرىدۇ.

## يەر نېمشقا تەۋرەيدۇ

بىر كىشى ئىشقىياردىن سوراپتۇ:

— يەر نېمىشقا تەۋرەيدۇ، بىلەملا؟

سوئالچىنىڭ خوي - پەيلىنى ئوبدان بىلىدىغان ئىش-قىيار جاۋاب بېرىپتۇ:

— تەخسىكەشلەر دۇم چۈشۈپ، تەخسىسى چېقىلغاچقا.

## هەيرانلىق

بىر دىۋانە ئىشقىيارنىڭ دەرۋازىسىنى قېقىپتۇ - دە، ئۆيدىن چىققان ئىشقىيارغا قاراپ:

— هەي، ماڭا يۇمشاق ناندىن ئاچىقە، — دەپتۇ.

— يائاللا ! — دەپتۇ ئىشقىيار هەيران بولۇپ، —

نان سورىشنىڭ بۇنچىۋالا، نان بېرىپ قالساڭىزە ئىش بار ئىكەن ـ دە !

## خىجىل بولۇپ چىقىپ كەتتى

بىر يىلى ئىشقىيار نامەتلەرنىڭكىگە ئوغرى كىردى.
ئىشقىيار ھەدەپ قازاننى قومۇرۇۋاتقان ئوغرىنىڭ كەينىدىن ئاستا كېلىپ:
— تۇۋىقىنىمۇ ئۇنتۇپ قالماڭ ـ ھە ! — دېۋىدى، ئوغرى چۆچۈگىنىدىن ئالدى ـ كەينىگە قارىماي تالاغا ئۆزىنى ئاتتى.
— ئوغرىنى تۇتۇۋالمىغىنىڭىز نېمىسى؟ — دېدى ئايالى كايىپ ئۇنىڭغا. ئىشقىيار:
— تۇتۇپ نېمە قىلاي، ئۇنىڭسىزمۇ خىجىل بولۇپ چىقىپ كەتتى ! — دېدى.

## ئۇنىمۇ چىقىرىۋېتىدۇ

ئىشقىيار نامەتنىڭ كىچىك بالىسى ئاغرىپ قالدى. بالىغا دورا ئىچۈرەلمىگەن ئانا ئىشقىيار نامەتكە قاراپ دېدى:
— بالىغا ئوكۇل سالدۇرمىساق بولمىغۇدەك...
— دورىچۇ؟
— دورىنى ئىچكىلى ئۇنىمايدىكەن، دائىم ئاغزىغا

سالسام، ياندۇرۇپ چىقىرىۋېتىدۇ.

— ئەمىسە ئوكۇل سېلىشمۇ بىھاجەت، — دېدى ئىشقىيار نامەت، — دورىنى ياندۇرۇپ چىقىرىۋەتكەن بالا ئوكۇلنىمۇ چىڭقىلىپ چىقىرىۋېتىدۇ.

## ئوڭلايمەن دەپ...

قوشنىلاردىن بىرى ئىشقىيارغا خەۋەر يەتكۈزۈپتۇ:

— ماۋۇ ئارقا كوچىدىكى ئەمەت ئاخۇن كەنجى ئوغلىنىڭ بېشىنى ئوڭلايمەن، دەپ تەييارلىق قىلىۋېتىپتۇ.

ئىشقىيار ئەجەبلەنگەندەك بېشىنى چايقاپتۇ:

— خېلى زېرەك بالىدەك قىلاتتى، ئالدىراپ ئوڭلايمەن، دەپ بۇزۇۋالمىغىدى.

## نەۋرەم قانداق ئادەم

نەۋرىسى ئۆلۈپ كەتكەن بىراۋ زاراتگاھلىقتا مەھەللە چوڭلىرىدىن بولغان ئىشقىيار نامەتتىن سورىدى:

— تەقسىر، مېنىڭ نەۋرەم قانداقراق ئادەمكىن؟

ئىشقىيار نامەت جاۋاب بەردى:

— نەۋرىڭىز تالا - تۈزگە چىقمىۋىدى، قانداق ئادەملىكىنى ئاپىسىدىن سوراڭ !

## پىچاق ئۆتمىسە

بىر ئايال باشلىق ئىشقىيارغا هال ئېيتتى:

— ئايال كىشى باشلىق بولسا قاملاشمايدىكەن، پىچىقىم كەسمەيدۇ.

ئىشقىيار نامەت هېلىقى ئايالغا كۆيۈنگەندەك قىياپەتتە مەسلىھەت بەردى:

— پىچاق ئۆتمىسە، قايچا بىلەن كېسىڭ !

## قاتىل

ئىشقىيارغا ئاداۋەت ساقلاپ يۈرگەن ساراڭ قېتىمىش بىر كىشى بىر قېتىم ئۇ ئۆيدە يوق مەزگىلدە كېلىپ:

— ئىشقىيار ئۇنداقچى، مۇنداقچى، بۈگۈن ئۇ ئۆيدە بولغان بولسا، ئۆلتۈرەتتىم، — دەپ بىر هازا تىللاپ كېتىپ قاپتۇ.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئىشقىيار نامەت هېلىقى ساراڭ قېتىمىشنى كوچىدا كۆرۈپ قاپتۇ - دە، تۇتۇۋاپتۇ:

— يۈر، هەي قاتىل، ساقچىخانىغا !

— نېمىشقا ؟ — دەپتۇ چۆچۈپ ساراڭ قېتىمىش، — نېمە گۇناهىمغا ؟

— نېمە گۇناهىمغا دەيسەنغۇ، — دەپتۇ ئىشقىيار ئۇنى بەكرەك كۈچەپ سۆرەپ، — مەن يوق چاغدا ئۆيۈمگە

كېلىپ، مېنى ئۆلتۈرۈپ كېتىپسەنغۇ !

## يۇندى چاچرايدۇ

ئىشقىيار نامەتنىڭ گەپلىرىگە مەستلىكى كېلىپ يۇر-گەن بىر ئىخلاسمەن ئۇنىڭدىن سورىدى:

— مۇسۇلمان ئادەم قولىنى يۇيۇپ، سىلكىسە نېمە بولىدىكىن؟

ئىشقىيار نامەت جاۋاب بەردى:

— يۇندى چاچرايدۇ.

## سىلىق تۇغۇپتىكەن

مەھەللىگە چۈشكەن كادىرلاردىن بىرى ئىشقىيار نا-مەتنى بازاردا كۆرۈپ قېلىپ ۋارقىرىدى:

— يىغىن دېسە بارمايسىز، تۇتقىلى بولمايدىغان قانداق ئادەمسىز؟

— كەچۈرسىز، كادىر ئەپەندى، — دېدى ئىشقى-يار مىيىقىدا كۈلۈپ، — ئانام مېنى ئاشۇنداق تۇتقىلى بولمايدىغان قىلىپ، سىلىق تۇغۇپتىكەن.

## نەرگىنى ئوخشىتمەن

ئەزايى - بەدىنى پاتقاقتا مىلەنگەن بىر مەست يولدىن

ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئەشقىيار نامەتنى تونۇپ قېلىپ، ئۇنىڭ-غا ئېسىلىۋالدى:

— ئەشقىياركا، مېنى راسا بىر ئوخشىتە !

— ئۆزۈڭ يەتكۈچە ئوخشاپ بوپسەن، ئىنىم، — دې-دى ئەشقىيار مەستكە، — مەن ئەمدى يەنە نەرىڭنى ئوخشىتىمەن؟

## قېرىشمىغان سەن قالدىڭمۇ

ئەشقىيار كىچىك ۋاقتىدا ئاپىسى ئۇنى زورلاپ روزا تۇتقۇزدى. روزىنىڭ بىرىنچى كۈنىلا ئەشقىيارنىڭ قورسىقى چۈش بولار - بولماستىن ئېچىپ غورقىراپ كەتتى. ئۇخلاپ باقسىمۇ، ئويناپ باقسىمۇ بولمىغان ئەشقىيار بىرى ئېسى-لىۋالغاندەك ئاستا مېڭىۋاتقان تام سائىتىگە يەنە بىر قارى-ۋېلىپ، ئانىسىغا ئاڭلىتىپ ۋارقىرىدى:

— مەن روزا تۇتماستا يۈگۈرۈپ ماڭاتتىڭ، ئەمدى مەن بىلەن قېرىشمىغان سەن قالدىڭمۇ؟

## چاقچاقنىڭ ئىشتىنى

ئەشقىيار نامەت ئاغزى تولىمۇ بېزەپ بىر يىگىتنىڭ كەينىدىن ۋارقىرىدى:

— هاي ئىنىم، ئىشتىنى چۈشۈپ قالدى،

كۆتۈرۈۋېلىڭ !

ئاغزىنى بۇزۇپ كېتىۋاتقان يىگىت سۆز ۋە قەدىمىنى چىپپىدە توختاتتى ـ دە، ئۆزىگە سەپسېلىپ:

— كىمنىڭ ئىشتىنى چۈشۈپ قالدى؟ — دەپ سورىدى. ئىشقىيار دەرھال جاۋاب بەردى:

— چاقچىقىڭىزنىڭ ئىشتىنى.

## مۇنداق ئېگىشسىڭىز...

ئىشقىيار نامەت بازاردا سېتىقچىلىق قىلىپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بىر خېرىدار ئۇنىڭ قولىدىكى چاپاننى ئېلىپ كىيىپ، ئېۋەن تېپىشقا كىرىشىپتۇ:

— ئۇكا، چاپان كەڭرەكمۇ، نېمە؟

— تازا دەل كەلدى، ئېلىڭ، — دېيىشىپتۇ ئەتراپتىكىلەر.

— يېشى چاتاقراق ئوخشايدۇ، — دەپتۇ خېرىدار ئېگىشىپ، — مانا، مانا دېمىدىممۇ، يېشى قاچىدىكەن...

— قىزىقكەنلا، بۇرادەر، — دەپتۇ ئىشقىيار نامەت شۇ چاغدا، — مۇنداق ئېگىشسىلە، چاپاننىڭ يېشى تۇرماق، ئىتمۇ قاچىدۇ.

## ئۈچ تالاق

ئىشقىيار نامەت ئۆيلەنمەكچى بوپتۇ. ئاقلىق چاي

ئاپىرىلغان كۈنى ئۇ ئۆيدە يالغۇز خىيالغا چۆمۈپتۇ:

« خوش، ئىشقىيار، مانا ئۆيلىنىسەن، مۇبادا ئالغان ئايالىڭ جايىدا چىقىسغۇ نانۇگۇش. ئەگەر قانائەتچان بولماي، يوقنىڭ جىدىلىنى قىلسا، ئەلنىڭ ئالدىدا ئۇيات، ئۆلۈم ئەمەسمۇ ! نە مۇھەببەتنىڭ، نە تۇرمۇشنىڭ لەززىتى...» ئاخىردا ئىشقىيار ئاچچىقى بىلەن دەپتۇ:

«بولدىلا، مۇنداق خوتۇننى ئۈچ تالاق قىلىۋەتتىم ! »

## ئىككى جۈپ ئىشقىيار، بىر غوجىيار

ئىشقىيار نامەت سودىلىقنى تۈگىتىپ دۇكاندىن چىققۇاتاتتى، دائىم لاۋزا پاراڭ قىلىدىغان غوجىيار ئىسىملىك بىر تونۇشى ئۇچراپ قىلىپ:

— بەللى، بۇرادەر، ئىككى جۈپ ئىشقىيار ئاپسىلەر دە؟ — دىدى ئىشقىيارنىڭ قولىدىكى جۈپ پايپاقنى كۆرۈپ.

— يوقسۇ، بۇرادەر، — دىدى ئىشقىيار نامەت يانچۇقىدىن دەررۇ بىر تامبالنى ئېلىپ، — يەنە بىر غوجىيارمۇ ئالدىم.

## قۇرۇغاندا بارىدۇ، دە

ئىشقىيار نامەت يېزىغا چۈشكەندە ئىشلىتىشنىلا

بىلىپ، ھالىدىن خەۋەر ئالمايدىغان بىر باشلىقنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى. بىر كۈنى ئۇ يېرىم كېچىگىچە زەيكەشلىك يەردە ئىشلەپ، لايغا مىلىنىپ قايتىپ، ئەتىسى ئەتىگەندە يۇيۇقلۇق كىيىملىرىنىڭ قۇرۇشىنى كۈتۈپ ئۆگزىدە ئولتۇراتتى، تالادىن باشلىقنىڭ ئىشقا ھەيدەپ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى، ئۆزىگە سوئال نەزىرىدە قارىغان ئايالىغا ئىشقىيار ئۆگزىدە تۇرۇپ ئېيتتى:

— چىقىپ باشلىققا «ئىشقىيارنى يۇيۇپ ئۆگزىگە يېيىپ قويدۇم، قۇرۇغاندا بارىدۇ» دە.

## قىزىل كېكىردەكتىن يەتتىسى بار

ئۇستەلدە سۇرلۇك قىياپەتتە ئولتۇرغان كاتتىۋاش ئىشقىياردىن سوراپتۇ:

— ئۆيۈڭدە قانداق مۈلۈكلەر بار؟

— تۈۋۈقى بولمىسىمۇ بىر قازان، سەل قارىدىغان بىر كورا بىلەن بىر چۆگۈن، لىڭشىپ تۇرىدىغان بىر جوزا بىلەن بىر كارىۋات، دەز كەتكەن ئالتە - يەتتە ئاپقۇر بىلەن ئالتە - يەتتە پىيالە بار.

— تولا قۇۋلۇق قىلماي يوغانلىرىنى دە !

— بولىدۇ، بالام، تازا يوغىنىنى دەي، سىزمۇ ئايرىم ۋاراقتا يېزىپ قويۇڭ. ئۆيۈمدە ئىشقىياردىن نان ئېلىپ يەيدىغان قىزىل كېكىردەكتىن يەتتىسى بار.

## بۈگۈندىن باشلاپ تۈزىتىمەن

تويدا ئىشقىيار نامەت بىلەن بىر تاۋاقتا قارىغان قۇۋ بىر ئادەم پولۇنى تاۋىقى بىلەن ئالدىغىراق تارتىپ:

— توۋا، ھەر ئادەمدە بىر مىجەز بولىدىكەن - دە، مۇشۇ ئىشقىيار ئاخۇنىنىڭ پولۇ يېمەيدىغان ئادىتى بار دېسە، — دەپ ئۆزى ھەدەپ يېگىلى تۇردى.

— توغرا دەيسىز، بۇ راست ياخشى ئادەت ئەمەسكەن، بۈگۈندىن باشلاپ تۈزىتىمەن، — دېدى ئىشقىيار نامەت ۋە نۆۋىتىدە تاۋاقنى بىراقلا ئالدىغا تارتتى.

## ئاپتوبۇس ۋە كالاچ

ئىشقىيار نامەت بىر ياقا يۇرتقا بارغاندا كوچىدا يۈگۈرۈشۈپ يۈرگەن ئادەملەرنى كۆرۈپ، يېنىدىكى بىرەيلەندىن سورىدى:

— بىرەر جېدەل بولدىمۇ، نېمە؟

— ياقەي، — دېدى ھېلىقى كىشى، — ئاپتوبۇس ساقلاپ تۇرغانلار ئۇ.

— مۇنداق دەڭ، — دېدى ئىشقىيار، — ئەمىسە بۇ يەردىكى ئاپتوبۇسقا يۈگۈرگەن كىشىلەر بىزنىڭ يۇرتتىكى كالاچ ساتقان يەرگە يۈگۈرگەن ئادەملەردەك ئىتتىك يۈگۈرەلمەيدىكەن.

# كالا يىللىق

مەھەللە كومىتېتىنىڭ چوڭ يىغىنىدا يۇقىرىدىن كەلگەن كادىرنىڭ گېپى تۈگىشىگە، مەھەللە باشلىقى سۆز قىلىپ، كادىرنىڭ گېپىنى تەكرارلىغىلى تۇردى.

— بۇ ئاداشنىڭ نېمە قىلغىنى، — دەپ غودۇڭ-شىدى ئىشقىيار نامەتنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان بىرى، — كادىرنىڭ سۆزىنى باشقىدىن دېگىلى تۇردىغۇ؟

ئىشقىيار دېدى:

— بۇنىڭغا ئەجەبلەنمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، مەھەللە باش-لىقىمىز كالا يىللىق، كۆشەشنى ياخشى كۆرىدۇ.

# چاقچاقنىڭ پايدىسى

كىشىلەر ئىشقىياردىن سورىدى:

— ئۆمرىڭىزدە چاقچاقتىن لوققىدە پايدا كۆرگەن ۋاقتىڭىز بولغانمىدى؟

— بولمامدىغان، — دېدى ئىشقىيار نامەت ۋە ھېكايە قىلدى، — بىر قېتىم پالانى تۇماقچىدىن بەش سومغا بىر تۇماقنى نېسى ئالدىم. بازارغا ئاپاردىم - دە، ئالتە سومغا گۇپپىدە ئۇرۇپ، خەجلىدىم. تۇماقچى نەچچە سۇيلەپ پۇلد-نى ئالالمىدى. بىر كۈنى ئۇ تۇماق كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقان يېرىدە يەنە ماڭا ئۇچراپ قالدى - دە، ھېلىقى پۇلنى سو-

رىدى. مەن گەپنى چاقچاقا ئۆرۈپ: «ۋاي ئاپئاق ئاكا، قە-
رىق يىل كېيىك بولۇپ تۆكى قالمىغان تۇماقنى تېخىچە
ساتالماپسىز - دە !» دېۋىدىم، تۇماقچى غەزەپتىن تىترىگە-
نىچە قولىدىكى تۇماقنى ماڭا ئاتتى. كوچىدا تۇتۇۋال-
دىم - دە، تۇماق بازىرىغا يول ئالدىم.

## خاپا بولمايدىغانسىز

ئىشقىيارنىڭ بىر مەنمەنچى قوشنىسى دائىم ئۇنى
كىچىك بالىسىدەك ئىشقا بۇيرۇپ، ئارقىدىنلا:
— خاپا بولمايدىغانسىز؟ — دەپ سورايدىكەن. بىر
قېتىملىق شۇنداق سوراقتىن كېيىن ئىشقىيار نامەت
قوشنىسىغا شۇنداق جاۋاب قايتۇرۇپتۇ:
— يوقسۇ، خاپا بولغۇچىلىكى يوق ئادەمدىن خاپا بول-
غاننىڭ نېمە پايدىسى، قوشنام، خاپا بولمايدىغانسىز؟

## بىز يۇرگەن كوچىلار

ئىشقىيار نامەت ئۆيلىنىپ بىر - ئىككى كۈندىن
كېيىن خوتۇنى:
— بازارغا بارسىڭىز سۇپۇرگە ئالغاچ كېلەرسىز، ئۆي
سۇپۇرىدىغانغا سۇپۇرگە يوقكەن، — دېدى.
— سۇپۇرگە دەمسىنا؟ — دېدى ئىشقىيار ئەجەبلە-

نىپ، — ئۆزۈڭ توينىڭ ئالدىدا نېمە دېگەن؟

— نېمە دەپتىمەن؟ — خوتۇنىمۇ ئەجەبلىنىپتۇ.

— توي قىلمىغان چاغلىرىمىزدا ئىككىمىز بىرگە بولۇپ قالساقلا «يار يۈرگەن كوچىلارنى سۈپۈرەي ساچىم بىلەن» دەپ ناخشا ئېيتاتتىڭغۇ؟ مانا ئەمدى شۇنداق سۈپۈرۈۋەرمەمسەن، بىز يۈرىدىغان كوچىلار مۇشۇغۇ !

## ئەڭ ياخشى ناغرا

«تۆگە» لەقەملىك بىر ئادەم ئىشقىيار نامەتنىڭ بىر مەزگىل ناغرا كېرىپ جاھاندارچىلىق قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ قېلىپ، بىر كۈنى چوڭ سورۇندا مەسخىرىلىك ئاھاڭدا ئۇنىڭدىن سورىدى:

— ئىشقىيارئاخۇن، سىلىنى بەلەن ناغرىچى ئىدى دەيدۇ، ئەڭ نوچى ناغرىنى نېمىنىڭ تېرىسىدە كېرەتتىلە، ئېشەكنىڭكىدىمۇ؟

— يوقسۇ، — دېدى ئىشقىيار نامەت دەرھال، — ئەڭ نوچىسىنى تۆگىنىڭ تېرىسىدە كېرەتتىم.

## بىرىنچى مەسلىھەت

بىر ئادەم ئىشقىيارنى تېۋىپ، دەپ ئاڭلاپ، كېسىلىنى كۆرسەتكىلى كېلىپ:

— قارىمامسىز، ھەم قىزىيمەن، ھەم تىترەپ، توڭلاي-
مەن، — دېدى.
— كېيىنكىسىگە ئامال شۇ، — دېدى ئەشقىيار، —
قېلىنراق كېيىنىڭ !
— ئاۋۋالقىسىغىچۇ؟ — دەپ سورىدى بىمار.
ئەشقىيار ئېيتتى:
— ئاۋۋال بىرىنىڭ مەنپەئىتىنى كۆرۈپ باقمامسىز !

## يېڭى شەيئى ۋە كونا كادىر

ئەشقىيار نامەتنى قىزىقچى، دەپ ئاڭلىغان بىر دىلى-
غول يىگىت ئۇنىڭغا تونۇتامسىز چاقچاقلارنى قىلىۋەردى.
خېلىغىچە ئۈنچىقماي تۇرغان ئەشقىيار ئاخىر ئۇنى ئىككى-
ئۈچلا ئوخشىتىۋېدى، يىگىت چىدىيالماي ۋارقىرىدى:
— يېڭى شەيئىلەرنى چۆكۈر، دەپ كىم ئېيتتى ساڭا؟
ئەشقىيار چاقچاق بىلەن جاۋاب ياندۇردى:
— كونا كادىرلارنى كولاڭلار دېگەننى كىم دېدى ساڭا؟

# قاسىم قىزىق لەتىپىلىرى

قاسىم قىزىق (قاسىم گاسىل) 1890 ـ يىلى قۇمۇل
شەھىرى راھەتباغ يېزىسىنىڭ قاراتال كەنتىدە كەمبەغەل
دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدە دى ـ
نىي مەكتەپتە ئوقۇغان. ئۇ ياشلىق مەزگىللىرىدىلا غەزەلخان ـ
لىق، مەدداھلىققا قىزىققان؛ قۇمۇل مۇقاملىرىنى ئۆگىنىپ،
ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئېيتالايدىغان بولغان؛ توي ـ تۆكۈن، مەش ـ
رەپ، كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىدا ھاپىزلىق قىلىپ، لەتىپە
ئېيتىپ، قىزىقچىلىق قىلىپ ئەلگە تونۇلغان. 1918 ـ يىلى ـ
دىن باشلاپ قۇمۇل ۋاڭى ئۇنىڭ قىزىق سۆزلىرىنى ئاڭلاپ
ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن ئوردىغا ئەكەلدۈرگەن. ئۇ
تۆۋەن تەبىقىدىن بىراقلا خان ـ غوجاملارنىڭ ئىچىگە كىرىپ
قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئىككى خىل تۇرمۇش سېلىشتۇرمى ـ
سى ئىچىدە ھەق بىلەن ناھەقنى، راست بىلەن يالغاننى ئېنىق
ئايرىپ ئۇنى ئۆزىنىڭ لەتىپىلىرىدە تولۇق ئەكس ئەتتۈرگەن.
قاسىم قىزىق ۋاڭ ئوردىسىنىڭ سودىگەرلىرى بىلەن ئىچ ـ
كى ئۆلكىلەرگە بارغان. بۇ جەرياندا ئۇ خەنزۇ تىلىنى

ئۆگىنىپ، خەنزۇ تىلىدا لەتىپىلەرنى توقۇغان، بۇ لەتىپە-
لەر ئەينى ۋاقىتتا خەنزۇلار ئارىسىغىمۇ تارقالغان. 1930 ـ
يىلىدىن كېيىن يېزىسىغا قايتىپ كېلىپ دېھقانچىلىق بى-
لەن شۇغۇللانغان.

قاسىم قىزىق 1953 ـ يىلى ۋاپات بولغان.

## گىدەيگەنگە

قاسىم قىزىق بازارغا كېتىۋېتىپ، يولدا بازاردىن قايـ-
تىپ كېلىۋاتقان بەگكە ئۇچراپ قاپتۇ. بەگ ئات ئۇستىدە
گىدىيىپ ئولتۇرغانىكەن. قاسىم قىزىق ئۇنى كۆرمەسكە
سېلىپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. بۇ ئىش بەگنىڭ كۆڭلىگە كەپـ-
تۇ-دە، قارا، ماۋۇ گادايىنىڭ ھاكاۋۇرلۇقىنى، مېنى كۆزگە
ئىلمىغاندەك سالاممۇ بەرمەي ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىنى، دەپ
ئويلاپ:

— ھەي، سەن ئەدەپ - ئەخلاق دېگەننى ئۆگەنگەنمۇ،
سالام قىلىشنىمۇ بىلمەمسەن؟ — دەپتۇ.

— بىلمەن، — دەپتۇ قاسىم قىزىق، — مەن مەدـ-
رىسىدە ئوقۇغاندا ئۇستازىم گىدەيگەنگە سالام قىلماڭلار،
دېگەنىدى.

## بېشىمغا چىقىدۇ

بىر كۈنى قاسىم قىزىق يېنىدىن مەست، ئەلەڭلەپ
ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر بايۇەچچىنى تۇتۇۋېلىپ سوراپتۇ:

— ھەي بايۇەچچەم، ھاراق ئىچسىلە باشلىرىغا چىقامدۇ؟

— ياقەي، ياق، ياق، — دەپتۇ بايۇەچچە.

— نەشە چەكسىلىچۇ؟

— ياق.

— ئەپيون چەكسىلىچۇ؟

— ياق، زادىلا بېشىمغا چىقمايدۇ، — دەپتۇ بايۋەچچە.

— ئۇنداق بولسا مەن دەپ قوياي، — دەپتۇ قاسىم قىزىق، — بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى ئارتۇقچە كەيپ - ساپا باشلىرىغا چىقىدۇ.

بۇنى ئاڭلىغان بايۋەچچىنىڭ ئاچچىقى كەپتۇ.

بىر كۈنى يېرىم كېچىدە قاسىم قىزىقنىڭ ئىشىكى ئەنسىز ئۇرۇلۇپتۇ. قاسىم قىزىق بۇ يېرىم كېچىدە كەلگەن كىم بولغاي، دېگەن ئوي بىلەن ئىشىكنى ئاچسا، ئىشىك تۈۋىدە شۇمشەرەپ ھېلىقى بايۋەچچە تۇرغۇدەك.

— مېنى قۇتقۇلدۇرۇۋېلىڭ، قاسىم ئاكا، ئوغۇللىرىم: «سېنى ئۆلتۈرۈۋېتىمىز» دەپ قوغلاپ كېلىۋاتىدۇ. مېنى قۇتقۇلدۇرۇۋېلىڭ، — دەپتۇ بايۋەچچە.

— قانداق، دېگىنىم راستىكەن؟ — دەپتۇ قاسىم قىزىق.

— ھونۇس راستىكەن، ئاكا، ماڭا رەھىم قىلىڭ.

قاسىم قىزىق ئۇنىڭغا:

— مەن سېنى يوشۇرۇپ قالسام، خەق مېنىڭ بېشىمغا چىقمامدۇ، — دېگىنىچە ئىشىكنى ئېتىۋاپتۇ.

## ئالساملا، بەرمىسەم

بىر كۈنى قاسىم قىزىق بىر توپ تەڭتۇشلىرىنى

ئەتراپىغا يىغىپ كىتاب ئوقۇپ بېرىۋاتقانىكەن. بۇ يەرگە شۇ مەھەللىنىڭ خەقتىن ئالسام، ئەمما بەرمىسەم دەيدىغان، پىخسىقلىقتا نامى چىققان بىر بېگى كېلىپ قاپتۇ ۋە:

— قاسىم ئاخۇن، قولۇڭلاردىكى نېمە كىتابكەن ئۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— خوش، بېگىم، بۇ «ئالساملا، بەرمىسەم» دېگەن كىتابكەن، — دەپتۇ قاسىم قىزىق.

— ئۇنىڭدا نېمە دەپتۇ؟ — دەپتۇ بەگ قىزىققان هالدا.

— بۇ كىتابتىمۇ، بېگىم؟ بۇ كىتابتا يېزىلىشىچە، بىر بەگ بار ئىكەن، ئۇ خەقتىن ئالساملا دەيدىكەن، خەققە بەرمەيدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ بەگ ئۆلۈپ قالىدىكەن. ئەپسۇس، نامىزىغا مەھەللىسىدىن بىرمۇ جامائەت قاتناشمايدىكەن. كېيىن جامائەتتىن سۈرۈشتۈرسە، ھەممىسىلا: «ئالىدىغىنىم بار ئىدى، بەرمەستىن كېتىپ قالدى» دېيىشىپتۇ، — قاسىم قىزىق سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە بەگ:

— بولدى، بولدى، قوي ئۇ كىتابىڭنى، — دەپ كېتىپ قاپتۇ.

## تىرىكىنىڭ ياخشىسى، ئۆلۈكىنىڭ يامىنى بولامدۇ

قاسىم قىزىقنىڭ مەھەللىسىدىكى بىر ئادەم ۋاپات



بوپتۇ. ئاخۇنۇم ئۇنىڭ
نامىزىنى چۈشۈرۈپ بو-
لۇپ: «بۇ ناھايىتى ياخشى
ئادەم ئىدى، ئاق كۆڭۈل،
ساپ نىيەت...» دەپ
ماختىغىلى تۇرۇپتۇ. بۇنى
ئاڭلىغان قاسىم قىزىق:
— ھەي ئاخۇنۇم،
مېنىڭ ئۆلۈمۈمدە دەيدى-
غان گەپلەرنىمۇ دەۋەتكەن
بولسىلا، ھايات چېغىمدا
بىر ئاڭلاپ باققان بول-
سام، — دەپتۇ. ئاخۇنۇم-
نىڭ بۇ گەپتىن سەل ئاچچىقى كەلگەندەك بوپتۇ، لېكىن
قاسىم قىزىق يەنە ئىچكىرىلەپ، — تىرىكنىڭ ياخشىسى،
ئۆلۈكنىڭ يامىنىمۇ بولامدۇ، ئاخۇنۇم؟ — دەپ سوراپتۇ.

## تاغدىن يىقىلىپ چۈشمىسىلا يەنە

قاسىم قىزىق تاغلىق يېزىدىكى تۇغقىنىنى يوقلاپ
چىقسا، بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆردىنىڭ ياغاچ
كېسىش ھاشىرىغا كەتكەنىكەن. قاسىم قىزىقمۇ ئۇدۇل
كىشىلەر ياغاچ كېسىۋاتقان قارىغايزارلىققا بېرىپ قارىسا،

ئۇردىنىڭ دورغىسى كىشىلەرنى باش - كۆزىگە ئۇرۇپ ئىشلەتكىلى تۇرۇپتۇ، ھەتتا بۇنى ئاز دەپ، ئۇلارنىڭ كۆ-تۈرگەن ياغاچلىرىنىڭ ئۈستىگە مىنىۋېلىپ ئۆزىنىمۇ كۆ-تۈرۈشكە زورلاپتۇ. بۇنى كۆرگەن قاسىم قىزىق:

— ھاي دورغا بېگىم، بۇ نېمىدېگەن زالىملىق ! كى-شىلەرنىڭ ھالىغا قاراپ ئىش قىلسىلا بولمامدۇ، — دەپتۇ.

— ھەي خورجا، — دەپتۇ دورغا گىدەيگەن ھالدا، — ۋاڭ غوجام تەۋرىسىنىڭ سۇنىنىتىگە ئۇردىنى ياساتماقچى، چاپسان - چاپسان ئىشلەپ، ئۇردىغا ياغاچنى جىق - جىق توشۇپ ۋاڭنى رازى قىلساق، بېشىمىز ئاسمانغا يېتىدۇ دېسىلە، — دەپتۇ. قاسىم قىزىق كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ئۆزلىرىگە پەخەس بولسىلا، بېگىم، ئاسمانغا يې-تىمەن دەپ تاغدىن يىقىلىپ چۈشمىسىلە يەنە، — دەپتۇ.

## مېنىمۇ بىر بۇيېتەتتىڭىز

قاسىم قىزىق تاغدىكى بىر ئاغىنىسىنىڭكىگە بېرىپ-تۇ. ئۇ كۈنى بۇ ئاغىنىسى بىر قويى ئاغرىپ قېلىپ، موللا چاقىرتقانىكەن. موللا قويىنى ئۇيان كۆرۈپ - بۇيان كۆرۈپ:

— بۇ قويغا قاتتىق ئۇچۇقغان تېگىپتۇ، ھازىر دەل ۋاقتى ئىكەن، كۆچۈرۈۋەتسەملا ئەتە ئەتىگەندە ساقىيىپ قالىدۇ، — دەپتۇ ۋە ئۆي ئىگىسىگە، — ئوتتۇز غولاچ

ئارغامچا، ئىككى تاغار يۇڭ تەييارلاڭ، ــ دەپتۇ.

ئۆي ئىگىسى دەرھال بۇلارنى تەييارلاپتۇ. موللا قوينى ئىككى تاغار يۇڭنىڭ ئۈستىگە ياتقۇزۇپ، ئارغامچا بىلەن چىرماپ باغلاپ قويۇپ، ئوقۇشقا باشلاپتۇ. بىر پەس ئوقۇ-غاندىن كېيىن قوينى ئېغىلغا ئەكىرىپ قويۇپتۇ، ئۆي ئى-گىسى دۇئا ھەققى ئۈچۈن موللامنىڭ ئالدىغا پۇل قويۇپتۇ، ئاندىن يۇڭ، ئارغامچىلارنى يىغىشتۇرۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن موللا:

ــ ۋاي ئۇكا، ئۇ نەرسىلەرگە تەگمىسىلە، بۇلارغا ئۇ-چۇڭغان سىڭىپ كەتتى. بۇلارنى ئېقىن سۇغا ئېقىتىۋېتىش كېرەك. مەن ئۆزۈم شەھەرگە ماڭغۇچە يول ئۈستىدىلا سۇغا تاشلىۋېتىمەن، ــ دەپ ھەممىنى ئېلىۋاپتۇ.

موللا كەتكەندىن كېيىن قوي ئۆلۈپ قاپتۇ. ئۆي ئى-گىسى غەزەپلىنىپ: «شۇنچە كۆپ نەرسىلەرنىمۇ ئەكەتتى» دەپ موللامنى تىللاپ كېتىپتۇ. بۇ چاغدا قاسىم قىزىق:

ــ بولدى، ئاداش، ھېلىمۇ ياخشى، موللام بۇنىڭغىمۇ ئۇچۇڭغان سىڭدى، دەپ مېنى كۆرسەتمىدى. بولمىسا، مېنىمۇ بىرىۋېتەتتىڭىز، ــ دەپتۇ.

## قوڭغۇراق بولارسىز

قاسىم قىزىقنىڭ چاقچاقلىرىغا چىدىمىغان پاكار بوي-لۇق بىر كىشى ئاچچىقىدا:

— قاسىم، توختاپ تۇر ! بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى كانىيىڭنى يامداقنى بوغقاندەك بوغمايدىغان بولسام، — دەپتۇ.

— مەن ئولتۇرغاندا بوغۇۋېلىڭ، ئورنۇمدىن تۇرۇپ ماڭغاندا بوغىمەن دېسىڭىز، ماڭا قوڭغۇراق بولۇپ قالارسىزمىكىن، — دەپتۇ قاسىم قىزىق كۈلۈپ تۇرۇپ.

## ئىنساپلىرى چۈشۈپ قالدى

پارىخورلۇقتا داڭقى چىققان بىر ئوردا ئەمەلدارى قاراتال مەھەللىسىگە بېرىپ ئالۋانغا ھەيدەلگەنلەرنىڭ ئىسىملىكىنى ئوقۇپتۇ. نامرات بىر دېھقان ئۆزىنىڭمۇ تىزىمغا ئېلىنىپ قالغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن ئوردا ئەمەلدارىغا:

— مەن بىر ئاجىز بەندە، خۇدا يولىدا رەھىم قىلىپ مېنى قالدۇرۇپ قويغان بولسىلا، — دەپ يالۋۇرۇپتۇ. لېكىن، ئوردا ئەمەلدارى دېھقاننىڭ يالۋۇرۇشلىرىغا زادىلا ئۇنىماپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ دېھقان ئاخىر ئەمەلدارنىڭ يېنىغا بېرىپ، — ئۆزلىرى ئۆتكەندە كۆرگەن ئەركەك موزايىنى بەرسەم ماڭا بىر رەھىم قىلغان بولسىلا...

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئەمەلدارنىڭ يۈزلىرىگە كۈلكە يۈگۈرۈپتۇ:

— ماقۇل ئەمىسە، كەچتە ئاپىرىپ بەرگىن، كىشى كۆرۈپ قالمىسۇن، — دەپتۇ.

ئەمەلدار ئۇ دېھقاننىڭ ئىسمىنى تىزىملىكتىن ئۆچۈرۈۋېتىپ، مېڭىشقا تەرەددۇت قىلىۋاتقاندا، قاسىم قىزىق:

— بېگىم، نەگە ئالدىرايلا، بۇ ئۆيدە بىر نەرسىلىرى قالدى، شۇنى ئېلىۋېلىپ ماڭسىلا، — دەپتۇ. بۇ كىشى ئۇيان ئويلاپ، بۇيان قاراپ:

— قاسىم ئاخۇن، ھەممە نەرسىنى ئالغاندەك قىلدىمەن، نېمە چۈشۈپ قالغاندۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئىنساپلىرى چۈشۈپ قالدى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ قاسىم قىزىق.

## ئىككى پارچە رەسىم

قاسىم قىزىق ئوغلىنى شەھەردىكى مەكتەپكە ئوقۇشقا ئەۋەتىپتۇ، بىراق بۇ ئوغۇل دادىسى بەرگەن پۇلنى يېتىشتۈرەلمەي جاپا تارتىپ قاپتۇ. ئۇ دادىسىغا ئوچۇق خەت يازالماي ئۆزىنىڭ بىچارە قىياپىتىنى ئىپادىلەيدىغان بىر رەسىمنى سىزىپ ئەۋەتىپتۇ. دادىسى بۇنى كۆرۈپ ئوغلىنىڭ پۇلى تۈگەپ قالغانلىقىنى بىلىپتۇ ـ دە، ئوغلىغا ئۆزىنىڭ رەسىمىنى سىزىپ ئەۋەتىپتۇ. رەسىمدە قاسىم قىزىق تۆت يانچۇقىنى تەتۈر ئۆرۈپ تۇرغۇدەك.

## ئىمام ئاخۇنۇم بىزنىڭ، دوپپىسى خوتۇنىنىڭ...

بامدات نامىزىغا ئالدىراپ چىقىپ كېتىۋاتقان قاسىم قىزىق ئىمام ئاخۇنۇمنىڭ ئالدىراشچىلىقتا خوتۇنىنىڭ دوپپىسىنى كىيىۋېلىپ نامازغا ماڭغىنىنى كۆرۈپتۇ، لېكىن قاسىم قىزىق كۆلكىسىنى بېسىپ مەسچىتكە كىرىپتۇ. ئىمام ئاخۇنۇم نامازغا تەييار بولۇپ قالغان جامائەتنىڭ ئارىسىدىن ئالدىغا ئۆتۈۋاتقاندا كەينىدىن كۆلكە ئاۋازلىرى چىقىپتۇ. ئاخۇنۇم قاسىم قىزىق قىزىقچىلىق قىلىۋاتسا كېرەك، دەپ ئويلاپ:

— قاسىم ئاخۇن، نامازغا تۇرۇپ قالدۇق، — دەپتۇ.

— خوش، ئاخۇنۇم، — دەپتۇ قاسىم قىزىق، — ئىمام ئاخۇنۇم بىزنىڭ، دوپپىسى خوتۇنىنىڭ، دەپ ئىقتىدا قىلساق بولارمۇ؟

## بىزنى ئۇرغان خۇدايىم

زومىگەر، پومېشچىكلارغا قارشى كۈرەش تازا ئەۋج ئېلىۋاتقان يىللاردا، بۇرۇن قاسىم قىزىقتىن گەپتە يېڭىلىپ قالغان ئەترەت باشلىقى مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قاسىمنىمۇ بىر پۇتلايچۇ، دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، «قاسىم ئۆز ۋاقتىدا ۋاڭ ـ غوجىلارنىڭ يالاقچىسى ئىدى. ئۇلار نېمە دېسە شۇنى قىلىپ، كېچە ـ كۈندۈز ئەيش ـ ئىشرەت

بىلەن كۆن ئۆتكۆزدى، خەلقنىڭ قان ـ تەرىنى شورىدى. بۇمۇ كۇرەش قىلىنىشى كېرەك» دەپ تارتىپ چىقىپ، بىر قاراڭغۇ ئۆيگە سولاپ قويۇپتۇ. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي ئەترەت باشلىقىنى پۈتلايدىغان يەنە نەچچىسى چىقىپ «زومىگەر، پومېشچىكلاردىن يىغىۋالغان ئالتۇن، كۈمۈشلەرنى تىقىۋالدى» دېگەن باهانە بىلەن ئۇنىمۇ هېلىقى قاراڭغۇ ئۆيگە سولاپ قويۇپتۇ.

قاسىم قىزىق يېڭى كىرگەن «مېهمان»نى بىر كۆرۈپلا مۇنۇ نەزمىنى ئوقۇپتۇ:

رەڭمۇرەڭ گۈل ئېچىلىپ،
گۈل پۈراقى تۇردىمۇ؟
بىزنى ئۇرغان خۇدايىم،
ئۆزلەنىمۇ ئۇردىمۇ؟

## ئۆزلىرىنى زەهەر ئىچىۋالمىسۇن دەپ...

تۆۋەنتۇر مەهەللىسىدىكى بىر دورغا ئوغلىنىڭ تويىنى قىلغاندا تەيجى بېگىمۇ ئالاهىدە تەكلىپ بىلەن تويغا قاتنىشىپتۇ. ئاخشىمى تاماشا باشلىنىشتىن بۇرۇن كاتتا سورۇن تۈزۈلۈپ ئېسىل نازۇنېمەتلەر كەلتۈرۈلۈپتۇ. دورغا بىر پىيالىدىكى شارابنى ئالدى بىلەن تەيجى بېگىمنىڭ ئالدىغا قويغانىكەن، قاسىم قىزىق دەرهال تۆرگە ئۆتۈپ،

تەيجىنىڭ ئالدىدىكى شارابنى ئېلىپ گۆپپىدە ئىچىۋاپتۇ. تەيجىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ:

— هاي قاسىم، نېمانداق ئەدەپسىز نېمە سەن؟ — دەپتۇ.

— خوش، بېگىم، — دەپتۇ قاسىم قىزىق ھېچبىر ئىككىلەنمەيلا، — بىزنىڭ قائىدىمىزدە ئالدى بىلەن توي ئىگىسى شارابقا ئېغىز تەگكۈزۈپ، ئاندىن مېھمانلارغا تۇتاتتى. قارىسام دورغا بېگىم ئېغىز تەگكۈزمىدى، مەن ئالدىلىرىغا قويغاننى زەھەرمۇ ياكى شارابمۇ دەپ تېتىپ باقتىم.

## تىكمەي تاشلاپ بەرگەن ياخشى

دېھقانلار جاپا تارتىپ بىرنەچچە يىل ئەتىيازدا ئۇدا جىرىم تىككەن بولسىمۇ، ياخشى باشقۇرۇلمىغانلىقتىن جىرىملارنى ئېشەك - ئۆچكىلەر غاجاپ قۇرۇتۇۋېتىپتۇ. بۇ ئىشقا ئىچى پۇشقان قاسىم قىزىق يېزا باشلىقلىرىغا ئۇلاغلارنى ياخشى باشقۇرۇش توغرىسىدا پىكىر - تەكلىپلەرنى بەرگەن بولسىمۇ، ھېچقايسىسى بۇ ئىشقا ئېتىبار بەرمەپتۇ. كېيىنكى يىلى ئەتىيازدا دېھقانلار يەنە جىرىم تىككىلى چىققانىكەن، بۇنى كۆرگەن قاسىم قىزىق يېڭىلا تىكىلگەن جىرىملارنى بىر ياقتىن يۇلۇپ ئۇلاغلارغا تاشلاپ بېرىپتۇ. بۇنىڭغا يېزا باشلىقىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ:

— قاسىم ئاخۇن، بۇ نېمە قىلغانلىرى؟ — دەپ

ۋارقىرىغانىكەن،

— جاپا تارتىپ جىرىم تىكىپ ئۆلاغلارغا يېگۈزگۈچە تىكمەيلا تاشلاپ بەرگەن ياخشى ئەمەسمۇ؟ — دەپتۇ قاسىم قىزىق.

## مېنى بېسىۋالامدۇ

مەھەللىنىڭ مويسىپىتلىرى بىر نەزىردىن قايتىپ كېلىۋېتىپ، قاسىم قىزىقنىڭ قارىياغاچىنىڭ ئۈستىگە چىقىۋېلىپ، ئۇزۇن ساپلىق بىر پالتا بىلەن ئۆزى ئولتۇرغان شاخنىڭ تۈۋىنى چېپىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ -دە، سوراپتۇ:

— قاسىم، نېمىشقا يەردە تۇرۇپ كەسمەي، ئۈستىگە چىقىپ كېسىسەن؟

— يەردە تۇرۇپ كەسسەم، ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ مېنى بېسىۋالامدۇ ! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ قاسىم قىزىق.

## ھالىمىزدىن كېتىپ قالامدۇقكىن

تۆۋەنتۇر مەھەللىسىنىڭ دورغىسى ھە دېسىلا دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى كۆپەيتىپ، ئۆزىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقاندلىرىنى قانات ئاستىغا ئېلىپ، بەكلا ھەددىدىن ئاشقانلىقى ئۈچۈن، جامائەت باشقا دورغا ئەۋەتىپ بېرىشنى ئوردىغا قايتا - قايتا ئىلتىماس قىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان قاسىم

قىزىق جامائەت يىغىلغان بىر سورۇندا:

— مەنچە، بۇ دورغىنى يۆتكىمىسەك بولارمىكىن، — دەپتۇ.

— نېمىشقا؟ — سوراپتۇ باشقىلار.

— بىرنەچچە يىللاردىن بېرى بۇ دورغىنى، ئۇنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى ئاران مۇشۇنچىلىك سەمرىتتۇق. ئەمدى يېڭى دورغىنى سەمرىتكۈچە ھالىمىزدىن كېتىپ قالامدۇقكىن، — دەپتۇ قاسىم قىزىق.

## ئادىل جاۋاب

قاسىم قىزىق مەزىن بولۇپ يۈرگەن كۈنلەردە، كىشىلەرنى دائىم قاقتى - سوقتى قىلىپ، تاپقىنىنى قىمارغا تىكىپ كانىيى بىلەن تەڭ قەرزگە بوغۇلغان بىر كىشى كېسەل بولۇپ قاپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ قاسىم قىزىق ئۇنى يوقلاپ بېرىپتىكەن. ئۇ كىشى:

— قاسىم ئاكا، سىز يۇرتنىڭ مەزىنى بولغاندىكىن بىر ئادىل جاۋاب بەرسىڭىز، مېنىڭ كېسىلىم ساقىيارمۇ؟ — دەپتۇ. قاسىم قىزىق:

— كېسىلىڭىز قەيەردىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— تېۋىپ كېسىلىڭ كانىيىڭدا ئىكەن، دەيدۇ، — دەپتۇ ھېلىقى كىشى.

قاسىم قىزىق بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

— كىسىلىڭىز باشقا يەردە بولغان بولسا ساقىياتتى-
ڭىزمىكىن، بىراق كانايدىكى كىسەل ئاسان ساقىيمايدۇ، —
دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## قاچىلىۋالسىلا بولمىدىمۇ

ھاراق ئىچىپ باقمىغان بىر كىشى سورۇندا ئولتۇرۇپ
قېلىپ باشقىلارنىڭ زورلىشى بىلەن ئازراق ھاراق ئى-
چىپ قويۇپتۇ - دە، بىر پەستىن كېيىن ياندۇرۇۋېتىپتۇ.
دائىم مەست بولۇپ كوچىلاردا يېتىپ قالىدىغان بىر
ھاراقكەش بۇنى كۆرۈپ:
— ھوي بولمىدى، بۇ كىشى ئىناۋىتىمىزنى تۆكۈ-
ۋەتتى، — دەپتۇ. سورۇندا ئولتۇرغان قاسىم قىزىق دەر-
ھاللا:
— بۇ كىشى ئىناۋىتىمىزنى تۆكۈۋەتكەن بولسا، ئۆز-
لىرى قاچىلىۋالسىلا بولمىدىمۇ؟ — دەپتۇ.

## قۇمدا بىقىلغان كالىنىڭ گۆشى

كىشىلەر قىشنىڭ ئۇزۇن تۈنلىرىنى «كۆك مەشرىپى»
بىلەن ئۆتكۈزۈۋاتقان كۈنلەردە مەشرەپ نۆۋىتى قاسىم قى-
زىققا كېلىپ قاپتۇ. تەييارلىقسىز تۇرغان قاسىم قىزىق
ئايالىغا بىر سىۋەت دۆڭگۈرچەك (يانتاق يىلتىزى) ئەكې-

لىپ، پاكىز يۇيۇپ، ئۆيىدىكى ئازراق كالا گۆشى بىلەن قوشۇپ پىشۇرۇشنى بۇيرۇپتۇ. ئايالى شۇ بويىچە ئىش قىپتۇ. ئۇلار كەچتە قارا چىراغنىڭ پىلىكىنى سەل پەسلىتىپ قويۇپ، كەلگەن تاماشىچىلارنىڭ ئالدىغا قازاندىكى گۆشنى ئاچىقىپ قويۇپتۇ. بىر ئاغىنىسى قولىغا چىقىپ قالغان دۆڭگۈرچەكنى راسا چىشلەپ تارتىپ بېقىپ:

— قاسىم، بۇ نېمىنىڭ گۆشى؟ — دەپ سوراپتۇ. كالا گۆشىدىن بىر پارچىنى يەپ ئولتۇرغان يەنە بىر ئاغىنىسى:

— نېمە گۆشى بولاتتى، كالا گۆشىكەنغۇ، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان قاسىم قىزىق ھېلىقى ئاغىنىسىگە:

— سىزگە پىشۇرغىنىم قومدا بېقىلغان كالىنىڭ گۆشى ئىدى، — دەپتۇ.

## سىزنىڭكىگە ئوخشاش قىلىق

بىر كۈنى قاسىم قىزىق بازاردىن كېلىۋېتىپ ئېشەك ئۈستىدە مۈگدەپ قاپتۇ. دائىم گەپدانلىق قىلىمەن، دەپ قاسىم قىزىقتىن ئەدىپىنى يەپ يۈرگەن بىرى پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، ئاستا كېتىۋاتقان ئېشەكنى تاياق بىلەن بىرنى ئۇرغانىكەن، قاسىم قىزىق ئېشەكتىن يىقىلىپ كېتىپتۇ-دە، يېنىدا تۇرغان ھېلىقى ئادەمنى كۆرۈپ قولىدىكى تاياق بىلەن ئۇنى بىرنى ساپتۇ.

— قاسىم ئاكا، بۇ قانداق قىلىق؟ — دەپتۇ ھېلىقى ئادەم ئاغرىغان يېرىنى سىلاپ تۇرۇپ.

— بۇ سىزنىڭكىگە ئوخشاش قىلىق، — دەپتۇ قاسىم قىزىق.

## ئاۋۋال غۇلاچلاپ كۆرسىلە

قاسىم قىزىق ئوردىدا يۈرگەن كۈنلىرىدە ئوردىدىكى بويى ئېگىز، بەستلىك كەلگەن بىر بەگ قاسىم قىزىقنى دائىم «بويۇڭ بىر غۇلاچ كەلمەيدۇ، ئەمما گېپىڭ چوڭ نېمىكەنسەن» دەپ كۆزگە ئىلماپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇلار ئۆرۈك سەيلىسىگە راھەتباغ تەرەپكە بېرىپتۇ. ئۆرۈكلۈك باغقا كىرىش ئۈچۈن بىر چوڭ ئېرىقنى ئاتلاپ ئۆتۈشكە توغرا كەپتۇ، بىراق ئۇ كۈنى سۇ بەك ئۇلۇغ بولغاچقا ئېرىقتىن ئاتلاپ ئۆتۈشكە مۇمكىن بولماپتۇ. شۇ چاغدا ھېلىقى بەگ قاسىم قىزىققا:

— ھەي قاسىم، ماۋۇ ئېرىققا كۆۋرۈك بولۇپ بەرگىنە، مەن ئۆتۈۋالاي، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان قاسىم قىزىق دەرھال:

— خوش، بېگىم، ئۆزلىرى ئاۋۋال ئېرىقنى غۇلاچلاپ كۆرسىلە، مېنىڭ بويۇمغا ئېرىق توغرا كېلەمدۇ، يوق، ئەگەر توغرا كەلسىلا، مەن جانابلىرىغا كۆۋرۈك بولۇپ بېرەي، — دەپتۇ.

## بۇ ئۆينىڭ ئۇزۇنلۇقى ئۈچ يېرىم مېتىر

بىر ئاخشىمى قاسىم قىزىق ئاغىنىلىرىنى چاقىرىپ ئولتۇرۇش قىلىۋاتقانىكەن، بىر ئوغرى قاسىم قىزىقنىڭ يېڭىدىن سويغان سېمىز قويىنىڭ گۆشىنى ئوغرىلىغىلى كىرىپتۇ. ئوغرى گۆشنى ئېلىۋاتقاندا ئورۇندۇق ئۆرۈلۈپ كېتىپتۇ. ئوغرى ئەمدى تۇتۇلۇپ قالىدىغان بولدۇم، دەپ قورققىنىدىن غۇلچىنى كېرىپ تامغا چاپلىشىپ تۇرۇۋاپتۇ. تاراقلىغان ئاۋازنى ئاڭلىغان قاسىم قىزىق چىراغنى كۆتۈرۈپ گۆش ئېسىپ قويغان ئۆيگە كىرسە، بىر كىشى تامنى غۇلاچلىغىنىچە تامغا چاپلىشىپ تۇرغۇدەك.

— هوي، تامنى ئۆلچەۋاتقان كىمسەن؟ — دەپتۇ قاسىم قىزىق، — بۇ ئۆينىڭ ئۇزۇنلۇقى ئۈچ يېرىم مېتىر، بۇنى مەندىنلا سوراساڭ بولماسمىدى؟

## پۇرچاق پاتمىغان كاناي

قاسىم قىزىق مەلۇم بىر يۇرتقا بېرىپ مېھماندارچىلىقتا بولۇپ قاپتۇ. ئۇ بۇ سورۇندىكى بىر ئايالنىڭ ئۆي ئىگىسى تۇتقان گازىر - پۇرچاقلارنىڭ ھەربىر تېلىنى پارچىلاپ يەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئىككىنچى كۈنى ئۇ بىر كىشىنى ئىزدەپ مەلۇم بىر ئۆيگە كىرىپ قاپتۇ، قارىغۇدەك بولسا ھېلىقى ئايال بىر كالىنىڭ بېشىنى تۇتۇپ

ئولتۇرۇپ يەۋاتقۇدەك. قاسىم قىزىقنىڭ كىرىپ كېلىۋاتـ.
قانلىقىنى كۆرگەن ئايال ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ:
— بۇ ئەزىز مېھمانىنىڭ ئەجەب بىزنىڭ ئۆيلەرگە
بېشى پېتىپتا؟ — دېگەنىكەن، قاسىم قىزىق دەرھاللا:
— ئاخشام بىر دانە پۇرچاق پاتمىغان كانايغا بوگۇن
كالىنىڭ بېشى پېتىۋاتقان يەردە، بۇنچىۋالا چوڭ ئۆيگە
ئەلۋەتتە مېنىڭ بېشىم پاتىدۇ-دە، — دەپتۇ.

## بالا ئويۇنى ئويناش

قاسىم قىزىق ۋاڭ ئوردىسىدا ئىشلەۋاتقان كۈنلەرنىڭ
بىرىدە ئوردىدا ئۆتكۈزۈلگەن كەچكى بەزمىدە يۇرت مۆتىـ.
ۋەرلىرى قاسىم ئاخۇننىڭ قىزىقچىلىق قىلىپ بېرىشىنى
تەلەپ قىپتۇ. قاسىم قىزىق ئۇلاردىن نېمە قىزىقچىلىقنى
ياقتۇرىدىغانلىقىنى سورىغانىكەن، ئۇلار: «بالا ئويۇنى قىلىپ
بەرگىن» دەپتۇ. قاسىم قىزىق ھېچبىر ئىككىلەنمەيلا يۇرت
مۆتىۋەرلىرى چۆرىدىشىپ ئولتۇرغان كاڭغا چىقىپتۇ -
دە، داستىخان ئۈستىدە ئۆمىلەپ يۇرۇپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا
تىزىلغان نازۇنېمەتلەرنى بۇزۇپ - چاچقىلى تۇرۇپتۇ.
بۇنىڭغا ئاچچىقى كەلگەن يۇرت مۆتىۋەرلىرى:
— قاسىم، بۇ قانداق ئويۇن؟ — دەپ سورىغانىكەن،
قاسىم قىزىق:
— بۇ ھەرقايسىلىرى تەلەپ قىلغان بالا ئويۇنىنىڭ

باشلىنىشى، ئاخىرى تېخى بار، — دېگىنىچە تۆردە ئول-
تۇرغان بىر باينىڭ ئېتىكىگە چىقىۋاپتۇ.

## گېزەندە كېتىۋاتىدۇ

بىر توي ئاخشىمى كىشىلەر مەشرەپ ئويناۋاتقان ئۆيدە تۇيۇقسىز «غىڭ» قىلغان ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. بىراق، كىشىلەر كىمنىڭ يەل قويۇۋەتكەنلىكىنى بىلەلمەي ئەتراپقا قارىشىپتۇ. بۇ چاغدا قاسىم قىزىق كاڭدا بىر - بىرىگە گۇمان بىلەن قارىشىپ ئولتۇرغان كىشىلەرگە قاراپ:

— يەل قويۇۋەتكەن كىشىنىڭ بېشىدا گېزەندە كېتىۋاتىدۇ، — دەپتۇ. بۇ گەپ بىلەن تەڭ بىر ئايال دەرھال بېشىدىن ياغلىقنى ئېلىپ سىلكىشكە باشلاپتۇ. شۇ چاغدىلا كىمنىڭ يەل قويۇۋەتكەنلىكى ھەممە كىشىگە ئايان بوپتۇ.

## ئاغزىمغا كىرىپ ئولتۇرمامسىز

بىر كۈنى قاسىم قىزىقنىڭ چاقچىقىغا چىدىمىغان توڭ قاپاق بىر كىشى قاسىم قىزىققا زەردە بىلەن:

— قاسىم ئاكا، تولا سۆزلەپ ئاغزىڭىز كاماردەك چوڭلاپ كېتىپتۇ، يەنە سۆزلىسىڭىز غاردەك بولۇپ كەتمىسۇن! — دەپتۇ.

— ئۇكام، — دەپتۇ قاسىم قىزىق، — ئەگەر ئاغزىم

غاردەك چوڭلاپ كەتسە ياخشىغۇ، ئۇ چاغدا سىزدەك چاقچاق خۇشياقماي تۇگۇلۇۋالىدىغانلار ئاشۇ غارغا كىرىپ ئولتۇر-ماسىلەر.

## بۇ ئىككىنچى قېتىم تېرىغان ئاشلىقلار

بىر يىلى قۇرغاقچىلىق ئاپىتى بولغاچقا دېھقانلارنىڭ ئالغان ھوسۇلى سېلىققىلا كېتىپتۇ. قىش كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ۋاڭنىڭ دېھقانچىلىققا مەسئۇل تەيجىسى قاراتالغا بارغانىكەن، قاسىم قىزىق ئوردىدىن كەلگەنلەرنى ئۆيىگە چىللاپتۇ، تاماق تەييار بولغۇچە مەشرەپ ئويناپ تۇرايلى، دەپ مەشرەپنى باشلىۋېتىپتۇ. تاماشا يېرىم كېچىگىچە داۋاملىشىپتۇ. ئوردىدىن كەلگەنلەرنىڭ قورساقلىرى تازا ئېچىپتۇ. بىر چاغدا قاسىم قىزىق مېھمانلارنىڭ ئالدىغا قوناق نېنى، تېرىق نېنى، پىشۇرۇلغان سەۋزە، چامغۇر قويۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن تەيجىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ:

— ۋاي قاسىم ئاخۇن، مېھمان چىللاپ جانلىرىغا جاپا قىلمىسىلا بولمامدۇ، داستىخانلىرىغا تىزغانلىرى نېمە ئۇ؟ — دەپ كايىپتۇ. قاسىم قىزىق كۈلۈپ كېتىپ:

— خوش، غوجام، يەردىن چىققان بۇغداينى سېلىققا تۆلەپ بولدۇق، ئالدىلىرىدا تۇرغىنى ئىككىنچى قېتىم تېرىغان ئاشلىقلار، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## ئاشنى ئاش، ناننى نان يەرلەر

قاسىم قىزىقنىڭ قىزىقچى ۋە گەپدان ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغان بىر كىشى باشقا شەھەردىن ئالاھىدە ئۇنى ئىزدەپ كەپتۇ. قاسىم قىزىقنىڭ ئايالى ئۇ كىشىنى سەپەردە ھېرىپ كەتكەندۇ، دەپ ئويلاپ سۇيۇقئاش ئېتىپتۇ. ئۇ كىشىنىڭ سۇيۇقئاشقا نان سېلىپ ئىچىدىغان ئادىتى بار ئىكەن. لېكىن، بۇ ئادەم گەپنى ئۇدۇللا قىلىشنى بىئەپ كۆرۈپ:

— بىزنىڭ يەرلەر يان يەرلەر، ئاش بىلەن نان يەرلەر، — دەپتۇ. قاسىم قىزىق ئۇ كىشىنىڭ مەقسىتىنى ئۇقۇپتۇ ۋە مۇنداق دەپتۇ:

— بىزنىڭ يەرلەر يان يەرلەر، ئاشنى ئاش، ناننى نان يەرلەر.

## سىزدەك تۇرماسمەن

بىر كىشى قاسىم قىزىقتىن:

— قاسىم ئاكا، پالۋانلىق قىلىپ يۈرگەن كۈنلەردە قانچە كىيىك، توشقاننىڭ جېنىغا زامىن بولغانسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مىڭ ئەتراپىدا بولۇشى مۇمكىن، — دەپتۇ قاسىم قىزىق. بۇ گەپنى ئاڭلاپ تۇرغان ئوغرىلىقتا داڭقى چىققان

بىر كىشى:

— يائاللا، شۇنچە كۆپ جانىۋارنىڭ جېنىغا زامىن بوپسىز، ئەمدى ئۆلگەندە پىلسىرات كۆۋرۈكىدىن قانداقمۇ ئۆتەرسىز؟ — دەپتۇ.

— پىلسىرات كۆۋرۈكىدە سىزچىلىك ئۇزۇن تۇرماسمەن، — دەپتۇ قاسىم قىزىق.

## ئۇنداق بولسا، يازدا قىلىپ بېرەي

قىش كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ئوردىبېگى قاسىم قىزىقنى ئۆيىگە چاقىرىپ:

— قاسىم ئاخۇن، سېنىڭغۇ داڭقىڭنى ئاڭلىغانىدىم، لېكىن ئۆزۈڭنى كۆرمەپتىكەنمەن، بۈگۈن قىزىقچىلىقلىرىڭنى كۆرۈپ باقاي، دەپ سېنى بۇ يەرگە چاقىرتتىم. ناۋادا كۆڭلۈمگە يېقىپ قالساڭ، قىزىمنىڭ يېقىندا بولىدىغان توي مەرىكىسىگە ئالاھىدە تەكلىپ قىلىپ قىزىقچىلىق قىلدۇرىمەن، — دەپتۇ.

قاسىم قىزىق بىرمۇنچە قىزىقچىلىقلارنى قىلىپ بېرىپتۇ. ئوردىبېگى بىرپەس ئولتۇرۇپ كېتىپ:

— قاسىم ئاخۇن، بۇ قىزىقچىلىقلىرىڭغۇ بولىدىكەن، بىراق بەكلا سوغۇقكەن، — دەپتۇ.

— ئۇنداقتا، — دەپتۇ قاسىم قىزىق ھېچبىر ئىككى-

لەنمەيلا، — مېنى يازدا چاقىرتسىلا، قىزىقچىلىقنى يازدا قىلىپ بېرەي.

## ئېشەك بولغان بولسام مەنمۇ ھاڭرايتتىم

بىر كۈنى ئوردا ئەمەلدارلىرى قىزىقچىلىق قىلدۇرۇش ئۈچۈن قاسىم قىزىقنى ئوردىغا چاقىرتىپتۇ. قاسىم قىزىق ئوردىغا كەلگەندىن كېيىن يېرىم كۈنگىچە ھېچكىمنىڭ ئۇنىڭ بىلەن كارى بولماپتۇ. قاسىم قىزىقنىڭ قورسىقى ئېچىپ ھالى قالماپتۇ. توساتتىنلا ئۇنىڭ ئېشىكى قاتتىق ھاڭراشقا باشلاپتۇ. بىر چاغدا ئوردىبېگى ھويلىدا پەيدا بولۇپ، قاسىم قىزىق بىلەن ئاددىيلا سالام ـ سەھەت قىلىشىپتۇ ـ دە:



— ھە قاسىم، بۇ ئېشەكنى سەن مىنىپ كەلگەنمىدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— خوش، تەقسىر، — دەپتۇ قاسىم قىزىق، — ئېشەكنى مەن مىنىپ كەلگەن.

— ھوي ئات باقار، بۇنىڭ ئىشكىگە بىر سېۋەت ھەلەپ بېرىپ قوي، — دەپتۇ ئوردىبېگى.

— تەقسىر، ئاشۇنىڭدىن ماڭمۇ بىر سېۋەت بېرىۋەتسىلە، — دەپتۇ قاسىم قىزىق.

— سەن سامانىنى نېمە قىلىسەن؟ — دەپ ھومىيىپتۇ ئوردىبېگى.

— ئېشەك بولغان بولسام، ئاچلىقتىن مەنمۇ ھاڭرىغان بولاتتىم، — دەپتۇ قاسىم قىزىق.

## ئوڭدىن سولغا قارىتىپ يازسىلا

قاراتال مەھەللىسىدىكى بىر توي مەشرىپىدە پوچى بىر كىشى قاسىم قىزىقنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ قاپتۇ ھەمدە ھەدەپ ئۆزىنى ماختاپ پو ئاتقىلى تۇرۇپتۇ:

— قوشاق، بېيىت دېگەننى مەندىن سورىسا بولىدۇ، ھەر داڭلىق ھېپىزلار بىز بىلىدىغان بېيىتلارنى بىلمەيدۇ، — دەپتۇ.

— ئەمىسە، — دەپتۇ قاسىم قىزىق ئۇنىڭ گەپلىرىگە سونۇرقاپ[1]، — داپنى ئېلىپ بىر ئېيتىۋەتسىلە، ئۆزلىرىنى بىر تونۇپ قويسۇن.

— سوتۇق[2] يوق، — دەپتۇ ھېلىقى كىشى.

---

① سونۇرقاپ — ئەجەبلىنىپ.

② سوتۇق — ئاھاڭ.

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ قاسىم قىزىق، — قە-
غەزگە بولسىمۇ يېزىپ بەرسىلە، ئىپتىقاقلار ئۆگىنىۋالسۇن.
— ساۋاتىمغۇ بار، بىراق قانداق يېزىشنى بىلمەي-
مەن، — دەپتۇ ھېلىقى پوچى ئەيمەنمەستىن.
— ئوڭدىن سولغا قارىتىپ يازسىلا بولۇۋېرىدۇ، —
دەپتۇ قاسىم قىزىق ئەستايىدىل.

## ماڭا ئۆگەتكەننى كىم سورايدۇ

شامەخسۇت ۋاڭ دەۋرىدە ئوردىدا ئەپيۇن چېكىش ئەۋج
ئېلىپ، ۋاڭنىڭ ئوغلى ھەم نەۋرىلىرىمۇ ئۇنىڭغا ئۆگىنىپ
قالغىلى تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ۋاڭ: «كىمدەكىم
ئەپيۇن چېكىدىكەن ياكى ئەپيۇن چېكىشنى ئۆگىتىدىكەن،
جازاغا تارتىلىدۇ» دەپ جاكارلاپتۇ. دادىسىنىڭ بىلىپ قې-
لىشىدىن قورققان ۋاڭنىڭ ئوغلى يىراقراق بىر جايغا، يە-
نى مەگەش ئوردىغا بېرىپ ئەپيۇن چېكىدىغان بوپتۇ. بىر
كۈنى شاھزادە قاسىم قىزىققا دەرھال چىلىمنى تەييارلاشنى
بۇيرۇپتۇ. شاھزادە بېشىغا تەكىيە قويۇپ چىلىمنى تازا
شوراۋاتقاندا، مەگەش ئوردىسىغا شامەخسۇت ۋاڭنىڭ چىق-
قانلىقى ھەققىدە خەۋەر كەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان شاھزادە قا-
سىم قىزىققا: «چاپسان بېسىقتۇر» دەپ قويۇپ، دادىسىنىڭ
ئالدىغا چىقىپ كېتىپتۇ. قاسىم قىزىق قالدۇق چىلىمنى
راسا ئوبدان شورىۋېلىپ، چىلىمنى ياستۇقنىڭ تېگىگە

تىقىپ قويۇپتۇ.

شامەخسۇت ۋاڭ سارايغا كىرىپ ئۆزىنىڭ چارچاپ قال-
غانلىقىنى ئېيتىپ ئارام ئالماقچى بوپتۇ. كۈتكۈچىلەر قات -
قات كۆرپىلەرنى سېلىپ، بېشىغا تەكىيلەرنى قويۇپتۇ.
دەل مۇشۇ چاغدا ھېلىقى چىلىم ئاشكارىلىنىپ قاپتۇ. ۋاڭ
دەرھال قاسىم قىزىققا قاراپ: «سەن شاھزادىگە چىلىم
چېكىشنى ئۆگىتىپسەن -دە ! ئۇرۇڭلار بۇنى، قىزىق
غولدا ئۇرۇڭلار !» دەپ بۇيرۇپتۇ. قاسىم قىزىق تەمتىرىمەي
بېشىنى تۆۋەن قىلىپ:

— خوش، غوجام، گۇناھ بولسىمۇ سورىۋالاي، ماڭا
ئۆگەتكەننىچۇ؟ ماڭا ئۆگەتكەننى كىم سورايدۇ؟ — دەپتۇ.

ۋاڭ گەپ - سۆز قىلماي سارايدىن چىقىپ كېتىپتۇ.

## پۇل خىل

قاسىم قىزىق قولى ئوچۇق، كۆكسى - قارنى كەڭ،
مېھماندوست ئادەم بولۇپ، ھەمىشە ئاغىنىلىرىنى كەڭ
قوللۇق بىلەن مېھمان قىلىدىكەن. بىر كۈنى ئۇ بىر ئا-
غىنىسىنىڭكىگە مېھمان بولۇپ بېرىپ قاپتۇ. ئۇ ئاغىنى-
سى باھاسى ئەرزان، سۈپىتى ناچار ھاراق بىلەن ئۇنى
مېھمان قىپتۇ. ئاغىنىسى پاراڭلاشقاچ:

— قاسىم ئاخۇن، بىزنىڭ تەرەپنىڭ ھاراقلىرى نا-
چارراق، ئۆزلە تەرەپلەردە ھاراق تولىمۇ خىل ئىكەن، —

دەپتۇ.

— خوش، ئاغىنە، — دەپتۇ قاسىم قىزىق، — ھاراق دېگەن ھەممىلا يەردە ئوخشاش، ئاساسلىقى بىزدىكى پۇل خىل دېسىلە.

## قوشۇپ ھېسابلىدىم

بىر كۈنى قاسىم قىزىق ئاياغ ساتىدىغان بىر دۇكانغا كىرىپتۇ. دۇكاندا بىر كىشى ئاياغ كۆرۈۋاتقانىكەن، ئۇ كىشى دۇكانچىنىڭ ئېھتىياتسىزلىقىدىن پايدىلىنىپ بىر كىشىلىك ئاياغنى سومكىسىغا سېلىۋاپتۇ، ئاندىن:

— ئىككى كىشىلىك ئاياغ ئالاي، ھەربىرىنىڭ پۇلى قانچە بولىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— توققۇز يۈەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ دۇكانچى.

— ھەي ئاكا، — دەپتۇ ھېلىقى كىشى قاسىم قىزىققا قاراپ، — مەن ساۋاتسىز، ھېساب بىلمەيدىكەنمەن، شۇنداق بولغىنىدا ئىككى كىشىلىك ئاياغ قانچە پۇلكەن؟

— ھەممىسى يىگىرمە يەتتە يۈەن، — دەپتۇ قاسىم قىزىق.

— نېمە دەۋاتىلا؟ ئۆزلىرىنىڭ ھېسابلىرى دۇكانچىدىنىڭكىدىنمۇ جىققۇ؟

— بايا ئۆزلىرى سومكىلىرىغا سېلىۋالغان ئاياغنىمۇ قوشۇپ ھېسابلىدىم، — دەپتۇ قاسىم قىزىق.

## ئېتىمدىن ئايرىلىپ قالماي دەپ...

بىر يىلى قۇربان ھېيتتا تۆۋەنتۇر مەھەللىسىنىڭ دورغىسى ئات بەيگىسى ئۇيۇشتۇرماقچى بوپتۇ. ئالدىنقى يىلدىكى ئات بەيگىسىدە بىر دېھقاننىڭ ئېتى بىرىنچى بولغانىكەن. بۇ دورغا ئۇنىڭغا ئازراق پۇل بېرىپلا ئېتىنى زورلۇقچە تارتىۋالغانىكەن. بۇ قېتىم قاسىم قىزىقمۇ يۇ-گۈرۈك ئېتى بىلەن بەيگىگە چۈشمەكچى بوپتۇ. بەيگە باش-لىنىپ دېگەندە قاسىم قىزىق ئېتىنىڭ ئىككى پۇتىنى بىر - بىرىگە چېتىپ باغلاپ قويۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن ھېلىقى دورغا:

— قاسىم، ساراڭ بولۇپ قالدىڭمۇ، نېمە قىلغىنىڭ بۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— دورغام، مېنىڭ بۇ ئېتىم بەكلا يۈگۈرۈك، ئې-تىمدىن ئايرىلىپ قالماي، دەپ شۇنداق قىلدىم، — دەپ-تۇ قاسىم قىزىق.

## بىر قارىسىلالا پەرق ئېتەلەيلا

ئۇردىدىكى زالىم بەگلەردىن بىرى قاسىم قىزىقتىن:

— ئاڭلىسام ئىتلارمۇ ھەر خىل بولىدىكەن، ئۇنىڭ ئىچىدە غالجىر ئىتنى يامان دېيىشىدۇ، ئۇنىڭ غالجىرلىقى رەڭگىرويىدىن چىقىپ تۇرارمىش. سېنىڭچە، ئۇنى قانداق

پەرق ئەتكىلى بولار؟ — دەپ سوراپتۇ.
— بىگىم، بۇنى بىلمەك بەك ئاسان، ئۆيلىرىگە بىرىپ ئەينەككە بىر قارىسىلا پەرق ئېتەلەيلا، — دەپ جاۋاب بىرىپتۇ قاسىم قىزىق.

## ئىتلىرى ئۆزلىرىنى دوراپتۇ

يالاقچىلىقتا خېلى نامى چىققان بىر دورغىنىڭ چاپار- مىنى ئىتىنى ئەگەشتۈرۈپ قاراتال مەھەللىسىگە بىرىپتۇ. كىشىلەر توپلاشقان جايغا كەلگەندە ئۇ ئاتتىن چۈشۈپتۇ. ھېلىقى ئىت قۇيرۇقلىرىنى شىپپاڭلىتىپ چاپارمەنىنى چۆرگىلەپ، ئاياغلىرىنى يالاپ ئويناقشىپ كېتىپتۇ. چاپار- مەن ماختىنىپ تۇرۇپ:
— قاسىم ئاكا، قارىسىلا، مېنىڭ ئىتىم قانداقكەن؟ — دەپتۇ. قاسىم قىزىق دەرھاللا:
— ناھايىتى ياخشى ئىكەن، خۇددى ئۆزلىرىنىلا دوراپتۇ، — دەپتۇ.

### نەسىھەت

بىر كۈنى ۋاڭنىڭ ئوغلى ئوۋغا چىقماقچى بولۇپ ئۆ- زىنىڭ سىپاھلىرىنى ۋە قاسىم قىزىقنى ئەگەشتۈرۈپ مې- ڭىپتۇ. ئۇلار «ئۆردەكلىك» دىگەن جايغا كەلگەندە شاھزادە

كۆلدىكى بىر ئۆردەكنى ئېتىۋاپتۇ ھەم دەرھال ئادەملىرى-
دىن بىرىنى ئۇنى ئاچىقىشقا بۇيرۇپتۇ. بىراق، كۆل بەك
چوڭقۇر بولغاچقا ھېلىقى كىشى سۇغا چۆكۈپ ئۆلۈپ قاپ-
تۇ. بۇنىڭدىن ئىنتايىن خاپا بولغان ئۇنىڭ ھەمراھلىرىدىن
بىرى نەچچە كۈنلەرگىچە كۆز يېشى قىلىپ يۈرۈپ مۇنۇ
نەزمىنى توقۇپتۇ:

سۇدا سۇخسۇر① بوغۇزلىسا تامىدۇ قېنى،
بىر يامانىنىڭ ئالدىدادۇر بىر ياخشىنىڭ جېنى.

ئوردىنىڭ بارلىق ئەھۋاللىرىدىن خەۋىرى بار قاسىم
قىزىق بۇ يىگىتنىڭ يىغىسى ئۇنىڭ ئۆزىگە كۆڭۈلسىزلىك
ئەكېلىدىغانلىقىدىن ئەندىشە قىلىپ مۇنۇ نەزمىنى ئېيتىپتۇ:

بەگ غوجام تازقارىنى شۇڭقار دېسە،
توشقان ئېلىپتۇ دەڭلار.
بەگ غوجام كۈندۈزنى كېچە دېسە،
يۇلتۇز چىقىپتۇ دەڭلار.

## مېنى تېزرەك ئوتلاتقىن

بىر كۈنى قاسىم قىزىق ئېشىكىنى ئوتلىتىش ئۈچۈن

① سۇخسۇر — بىر خىل قۇش.

ئالدىراش كېتىۋاتسا، بىر ئايال ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ، بىر كىشىنىڭ غەيۋىتىنى قىلغىلى تۇرۇپتۇ. بىر چاغدا قاسىم قىزىقنىڭ ئېشىكى تۇيۇقسىزلا ئۇنىڭ چاپىنىنى چىشلەپ يىرتىۋەتكىلى تاس قاپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئايال:

— قاسىم ئاكا، بۇ ئېشەكلىرىنىڭ خۇيى نېمانچە يامان؟ — دەپتۇ.

— چۈشەنمەيۋاتاملا، ئېشىكىم: «مۇنداق غەيۋەتلەرنى ئاڭلاپ تۇرغۇچە مېنى تېزرەك ئوتلاتقىن» دەۋاتىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ قاسىم قىزىق.

## تونۇپ قالغان چېغى

بىر كۈنى قاسىم قىزىق بازارغا ئوتۇن ساتقىلى چىقىپتۇ، ئۇ ھارۋىسىغا بىر خالتا ئالمىمۇ سېلىۋالغانىكەن. ئوردىنىڭ بىر ئاقساقىلى ئۇنى دەپ، بۇنى دەپ يۈرۈپ ئاخىر ئوتۇننى ئەرزانغىلا ئېلىۋاپتۇ. قاسىم قىزىق ھارۋىنى ھەيدەپ ئوتۇننى ئاپىرىپ بېرىش ئۈچۈن كېتىۋاتقاندا بىرنەچچە ئاغىنىلىرى ئۇچراپ قاپتۇ. قاسىم قىزىق ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن ھارۋىنى توختاتقانىكەن، ئوتۇننىڭ ئۈستىدىكى بىر خالتا ئالما يەرگە چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئۇنى كۆرگەن ئاقساقال:

— ۋۇي ئوتۇنچى، خالتاڭدىكى نېمە ئۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئالما، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ قاسىم قىزىق. ئاقساقال شۇ ھامان كۆزى قىزىرىپ:

— خالتاڭنى ھارۋاڭغا سېلىۋالغىن، مەن ھارۋىدىكى ھەممىنى سېتىۋالغان، — دەپتۇ. قاسىم قىزىق كۈلۈپ تۇرۇپ:

— شۇنداق، بىگىم، بىراق بۇ ئالمىلار، ھەزرەتلىرىنى تونۇپ قالغان چېغى، خالتىدىن قاچقىلى تۇرىدىغۇ، — دەپتۇ.

## زۇۋۇلاڭلارنى چوڭلىتىپتۇ



قاراتال مەھەللىسىدە بىر بىشەم خوتۇن بولۇپ، ئۇ كىشىلەرنى كۆزگە ئىلمايدىكەن. ھە دېسىلا: «سىلەر گادايلارنىڭ زۇۋۇلىسىنى خۇدايىم ئەزەلدىن كىچىك ئۈزگەن، بىزنىڭكىنى ئەزەلدىن چوڭ ئۈزگەن» دەيدىكەن.

بىر كۈنى بۇ خوتۇننىڭ ئېرى ئۇسسۇلۇق قاپقىنى ئۇن ساندۇقىنىڭ

ئۇستىگە قويۇپ قويغانىكەن، قاپاق ئۆرۈلۈپ كېتىپ ساد-دۇقتىكى ئۇنىنىڭ يېرىمى دېگۈدەك ھۆل بولۇپ خېمىرغا ئايلىنىپ قاپتۇ. بۇنى كۆرگەن خوتۇنى ئاغزىنى بۇزۇپ ئېرىنى تىللىغىلى تۇرۇپتۇ. جېدەلنىڭ ئۇستىگە كىرىپ قالغان قاسىم قىزىق:

— ھاي قوشناچىم، ھەرگىز خاپا بولمىسىلا، ئەمدى خۇدايىم زۇۋۇلاڭلارنى تېخىمۇ چوڭ قىپتۇ، — دەپتۇ.

## ۋاڭنىڭ رۇخستىگە ئېرىشىش

قاسىم قىزىق ۋاڭنىڭ تەلىپى بىلەن ئوردىغا كەلتۇ. رۇلۇپ خېلى ۋاقىتلار ئۆتكەن بولسىمۇ، ۋاڭ ئۇنى ئۆيگە بارغىلى قويماپتۇ. قاسىم قىزىق ئۆيىنى، بالىۋاقىلىرىنى سېغىنىپ قاپتۇ. قانداق قىلارىنى بىلمەي يۈرگەن كۈنلە-رىنىڭ بىرىدە، ۋاڭنىڭ كەيپى چاغ بولۇپ، بەزمە ئۇيۇش-تۇرۇشنى بۇيرۇپتۇ. بەزمە ـ مەشرەپ تازا قىزىپتۇ، لېكىن قاسىم قىزىق شوك ئولتۇرۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن ۋاڭ: «ئېي-تىڭلار، قاسىممۇ بىرەر دورەم ناخشا ئېيتسۇن» دەپتۇ. قاسىم قىزىق «خوش» دەپ ئورنىدىن دەرھال تۇرۇپ تەزىم قىپتۇ. ئاندىن سازەندىلەرگە، «يۇردۇم ئالەم» گە چېلىڭلار، دەپتۇ ـ دە، «يۇردۇم ئالەم» مۇقامىنى ئېيتىپ ئاخىرىغا مۇنۇ نەزمىنى قوشۇپتۇ:

[illegible] زۇلمەت تۈنۈم بولسا،
[illegible] يۈرگىلى يولۇم بولسا.
[illegible] ئەلنىڭ پادىشاھ بولسا،
[illegible] ئۆز يارىمدىن ئايرىمىسا.

ۋاڭ قاسىم قىزىقنىڭ ناخشىسىنى ناھايىتىمۇ دىققەت قىلىپ ئاڭلاۋاتقانىكەن، بۇ نەزمنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ ھەم يېنىدىكى سىپاھىسىغا «ئۇنىڭغا رۇخسەت قىلىڭلار، ئۆيىگە بېرىپ كەلسۇن» دەپتۇ.

## ئاخىرەتكە ئەكېتىپتۇ ـ دە

قاسىم قىزىق ئىلگىرى دائىم كىرىپ تۇرىدىغان بىر ئاشخانىغا كىرىپتۇ ۋە بىر تەخسە قورۇما چۆپ بۇيرۇتۇپتۇ. قاسىم قىزىق تاماقنى يەۋېتىپ، بۇ ئاشخانىدىكى تەخسىلەرنىڭ ھەم تېيىز، ھەم كىچىك تەخسىلەرگە ئالمىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ئايال خوجايىندىن سوراپتۇ:

— ئەر خوجايىن نەگە كەتتى؟

ئايال ئېرىنىڭ بىر ئاي بۇرۇن ۋاپات بولغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

— ئەمدى بىلدىم، — دەپتۇ قاسىم قىزىق، — رەھمەتلىك ئېرىڭىز ئۆز ۋاقتىدا ئىشلەتكەن چىنە ـ قاچىلارنىمۇ بىللە ئاخىرەتكە ئەكېتىپتۇ ـ دە.

## باشقا بىر يەرگە بۇيرۇمدىكىن

تۆۋەنتۇردا چېقىمچىلىقتا داڭقى چىققان بىر ئايال بولۇپ، ئۇ نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ دىلىغا ئازار بېرىپتۇ. بىر كۇنى ئۇ ئايال چېقىمچىلىق قىلىپ يەنە بىر ئايال بىلەن ئۇرۇشۇپ قاپتۇ. بۇلار بىر - بىرىنى قاتتىق تىللىشىپتۇ. ھېلىقى ئايال چېقىمچى ئايالنى «ۋاي بېھىش يۇزى كۆرمەيدىغان قارا يۇز، مۇشۇنداق قىلىۋېرىدىغان بولساڭ، ئاخىرەتكە بارغاندا دوزاختا كۆيەرسەن !» دەپ تىللاپتۇ. چېقىمچى ئايال قاراپ تۇرغان قاسىم قىزىققا:

— قارىسىلا، قاسىم ئاخۇن، ئۆزلىرىمۇ ئاڭلاپ تۇردىلا، بۇ مېنى «بېھىش يۇزى كۆرمەيدىغان قارا يۇز، دوزاختا كۆيۈپ ئۆلەرسەن» دەپ قارغىدى. ھەممە ئىش بۇنىڭ دېگىنىدەك بولامدۇ؟ — دەپ يىغلاپتۇ. قاسىم قىزىق ئويلىنىپ تۇرۇپ:

— يىغلىمىسىلا، ھەممە ئىش كىشىلەرنىڭ دېگىنىدەك بولمايدۇ. ئۆزلىرىنى دوزاخقىمۇ، بېھىشكىمۇ بۇيرۇماس، ئۆلگەنلەرنى تىنچ ياتسۇن، دەپ بولسىمۇ باشقا بىر يەرگە بۇيرۇمدىكىن، — دەپتۇ.


## قورسىقى كۆيۈپ يېرىلىپ كېتىپتۇ

بىر يىلى قاسىم قىزىق قوغۇن تېرىپتىكەن، قوغۇن-

لىرى ناھايىتى ئوخشاپ كېتىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ۋاڭنىڭ بىر دورغىسى قاراتالغا بېرىپ ئۇنىڭ قوغۇنلۇقىنى كۆزدىن كەچۈرۈپتۇ. بۇ دورغا قوغۇنلۇقنى ئارىلاپ يۈرۈپ، يوغان بىر قوغۇنغا كۆزى چۈشۈپتۇ. ئۇ قوغۇننى ئۈزمەكچى بولۇپ قارىسا، قوغۇن ئوتتۇرىسىدىن يېرىلىپ كەتكەنىكەن.

— قاسىم ئاكا، مۇشۇ قوغۇنغا كۆزۈم چۈشكەنىدى، بۇ قوغۇن نېمىشقا يېرىلىپ كەتكەندۇ؟ — دەپتۇ دورغا.

— ئەسلى مەن تۈنۈگۈن كېلىپ بۇ قوغۇنغا، ئەتە مەن سېنى دورغا جانابلىرىغا ئۈزۈپ بېرىپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلمىسام بولمايدۇ، دەپ قويغانىدىم. قارىغاندا، بۇ قوغۇن نارازى بولغان چېغى، شۇڭا قورسىقى كۆپۈپ يېرىلىپ كېتىپتۇ، — دەپتۇ قاسىم قىزىق.



Document generated by Anna’s Archive around 2023-2024 as part of the DuXiu collection (https://annas-blog.org/duxiu-exclusive.html).

Images have been losslessly embedded. Information about the original file can be found in PDF attachments. Some stats (more in the PDF attachments):
{
"filename": "57u05ZC+5bCU5rCR6Ze06Laj6Ze7IOS6lCDnu7TlkL7lsJTmlodfNDAyMDk4NDMuemlw",
"filename_decoded": "\u7ef4\u543e\u5c14\u6c11\u95f4\u8da3\u95fb \u4e94 \u7ef4\u543e\u5c14\u6587_40209843.zip",
"filesize": 17136733,
"md5": "1603bd7fa63469009bb369ae3b78efb2",
"header_md5": "c858e6b420ad7ec1fd8e489326802809",
"sha1": "fb94684382592be9a12c0a5681aca64c45510bb1",
"sha256": "b48dced70177f8ac997fa37387944ef3434e0591bbe12a8cd3461a9373cb52b8",
"crc32": 2605692933,
"zip_password": "",
"uncompressed_size": 17254733,
"pdg_dir_name": "\u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u251c\u00b1\u255d\u03a3\u255a\u00f1\u256c\u253c \u256c\u03c3 \u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u256c\u2500_40209843",
"pdg_main_pages_found": 75,
"pdg_main_pages_max": 75,
"total_pages": 86,
"total_pixels": 354892032,
"pdf_generation_missing_pages": false
}